




1 — 1987

# خۇشخەت ئەسەرلىرى

نىياز كەرىم يازغان






بەلگە بولسا يولىن ئازماس
بىلىم بولسا سۆزىن قايماس

«تۈركى تىللار دىۋانى» دىن

# تەڭرىتاغ

## پەسىللىك ئەدەبىي ژورنال

新疆地方志编纂委员会

1

1987

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىيات -
سەنئەت گۈلزارىدا ئېچىلغان غۇنچە
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ ئىسمى
جىسمىغا لايىقلىقىنى تەبرىكلەيمەن!

سەيپىدىن ئەزىزى.

1986 - يىل 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى

شەھىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى «تەڭرىتاغ» ئەدەبىي ژۇرنىلىنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىنى ئەڭ قىزغىن تەبرىكلەيمەن. «تەڭرىتاغ» ئەدەبىي ژۇرنىلى ھەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، مىللىي ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرۇشتا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئاكتىپ رول ئوينىشى كېرەك.

«تەڭرىتاغ» ئەدەبىي ژۇرنىلىنىڭ پارتىيىنىڭ بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، شەھىرىمىزنى ئىقتىسادىي گۈللەنگەن، پەن - تېخنىكىسى راۋاجلانغان، مۇھىتى گۈزەل، تۇرمۇشتا قولايلىق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك زامانىۋى شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىسمايىل مەخسۇت

1986 - يىل 16 - نويابىر

«تەڭرىتاغ» نىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەيمەن. «تەڭرىتاغ» دىن شىنجاڭ ئالاھىدىلىكىگە باي، پۈتۈن مەملىكىتىمىزگە، دۇنياغا يۈزلەنگەن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى، جۇشقۇن، نادىر ئەسەرلەرنى كۈتىمەن.

ۋاڭ مېڭ

1986 - يىل 20 - ئاپرېل

ئەدەبىي ژۇرنال «تەڭرىتاغ» نىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. «تەڭرىتاغ» نىڭ ساداسى تەڭرىتاغ نىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا جاراڭلىسۇن.

تۆمۈر داۋامەت

1986.4.25.

## قېرىنداشلىق تەبرىكى

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ قاينام تاشقىنلىق يېڭى باھاردا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى — «تەڭرىتاغ» بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىدا يېڭى بىر غۇنچە پورەكلەپ ئېچىلدى. بۇ غۇنچە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش ۋە ئۇيغۇر

نايدۇ. بىز بۇ قېرىنداش ژۇرنالنىڭ رەسمىي نەشر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

بىز بۇ ژۇرنالنىڭ ئۆز سەھىپىلىرىدە خەلققە كۈچلۈك ئېستېتىك زوق ۋە ئىلھام بېغىشلايدىغان ئەسەرلەرنى كۆپلەپ بېسىپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈش، ئۇنى مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە تىلەكداشمىز.

www.uyghurkitap.com

## بۇ سانىدا

# تەڭرىتاغ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدى

جەسەتنى ئۆيىگە كىرەلىگەن ئۆگەي بالا (ئوچېرك) ...... مەتىمىن ھەزرەت (1)
مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت (پوۋېست) ...... مۇھەممەد باغراش (19)
بوران (ھېكايە) ...... زوردۇن سابىر (43)
تاشچى ئۇستامنىڭ ھېكايىسى (ھېكايە) ...... پەرھاد جىلان (51)
جاۋاب (ھېكايە) ...... قادىر ئارسلان (62)
دادىللىق ۋە يېڭىلىق (ئوبزور) ...... ئەنۋەر ئابدۇرېھىم (70)
شائىرنىڭ ھېسسىياتى چىقىش يولى ئىزدەيدۇ (ئوبزور) ...... سىدىقھاجى روزى (78)
ئانىلىق قەسىدىسى (نەسر) ...... ئەخمەد ئىمىن (83)
سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى — مارجاننامە (لىرىك نەسر) ...... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن (88)
خەزىنىچى (ناخشا - مۇزىكىلىق دراما) ...... قۇربان ئىمىن (96)
ئابدۇلئەزىز مەخسۇم (ئەزىزى) غەزەللىرىدىن ...... (104)
شېئىرلار ...... ئوسمانجان ساۋۇت (108)

## تەڭرىتاغ سادالىرى

كۆككە يىقىلغان شېئىرلار ...... ئىلغارجان سادىق (111)
شېئىر، ئەي سەن ئىزدىتقۇ ...... ئەخمەتجان ئوسمان (111)
تىڭىرقىغان شېئىرلار ...... ئەركىن ئىبراھىم (112)
شېھىت بولغان چۈش ...... باتۇر روزى (113)
«سۈپۈرگىنىڭ ئۇچىدا قۇياش» ...... غالىب راخمان (113)
كۆمۈلگەن يۇلتۇز ...... پەرھاد ئىلياس (114)
بىر قاچا سۇيۇقئاش (قىسقا ھېكايە) ...... تۇرسۇن تىلىۋالدى (115)
ئايرىلىش (قىسقا ھېكايە) ...... پەرھاد ياسىن (118)
ئىككى ھېكايە (قىسقا ھېكايە) ...... مۇھەممەدتۇرسۇن ئېلى (18)
دادا، مېنى سۆيۈپ قوي (نەسر) ...... ئىلھامجان ئابلىز (41)

## چەتئەل ئەدەبىياتى

ئالدامچى (ھېكايە) ئىرسەي لانداۋا [ھىندىستان] ...... رىزۋان ھەمزە تەرجىمىسى (121)
شىلك شىنىيىنى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى ...... غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (123)
× × × ×
كۆل بويىدا (ناخشا) ...... سۆزى مۇھەممەد روزى يارقىنىنىڭ، مۇزىكىسى ئابلىز رېھىمنىڭ (127)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىكىم باقى — مۇھەررىرلەر: سەنەۋەر، ئەركىن نۇر
مەسئۇل كوررېكتور ۋەلى زەيدىن — رەسسام ۋە خەتتات: بايىز سەيدۇللا

ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماڭ!



# جەسىدى ئۆيىگە كىرەلمىگەن ئۆگەي بالا

(ئوچېرك) مەمتىمىن ھەزرەت

1986 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يەنى قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىنخۇا جەنۇبىي يولى كوچىسىدىكى ھايۋاناتلار باغچىسى ئالدىدىن بىر ئۆلۈك تېپىلدى. ئۆلگۈچىنىڭ ئىسمى پەرھاد ئىدى. پەرھاد بىرەر قاتىل تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئەمەس ياكى قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ ئۆلگەنمۇ ئەمەس. ئۇ ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى دەرەخلىق ئارىسىغا ئورنىتىلغان ھېچكىمگە تەئەللۇق بولمىغان سېمونت تاختاينىڭ ئۈستىدە ئون بەش كېچە - كۈندۈز قىزىتمىسى ئۆرلەپ يېتىپ ئاخىرى سېمونت تاختاي ئۈستىدە جان

دەپ ھېس قىلدى. ئۇ، ھەممە مېھرىبان ئانىلارغا ئوخشاش بۆشۈك يېنىدا كېچە - كېچىلەپ كىرپىك قاقماي چىقتى. بالىسىنىڭ ئوغۇل بولۇشى دادىسىنىڭ خۇشاللىقى ئۈستىگە خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەنىدى. بالا دوختۇرخانىدا تۇغۇلۇپ دوختۇرلار ئۇنىڭغا «بالىڭىز ئوغۇل» دەپ خەۋەر يەتكۈزگەندە دادا خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغانىدى. ئۇ يۈگۈرۈپ كوچىغا چىقتى، باققالنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ئايالىم ئوغۇل تۇغدى، ئۈزۈمنىڭ، نەشپۈتنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن چىڭلاڭ!» دېدى. ماگىزىنغا كىرىپ پىركازچىكقا: «ئايالىم ئوغۇل تۇغدى، ناۋاتنىڭ، كونسېرۋانىڭ ئەڭ

www.uyghurkitap.com

ئانا ئوغۇلغا ھەر خىل ئىسىملارنى تېپىشتى، دادا بولسا بالىغا «پەرھاد» دېگەن ئىسمىنى قويۇش قارارىدا چىڭ تۇردى. ئۇ ئۆز بالىسىنىڭ «پەرھاد - شىرىن» داستانىدىكى پەرھادتەك تاغلارنى تالقان قىلىپ، دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان قەيسەر، باتۇر بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەر - خوتۇن مەسلىھەت قىلىپ ناھايىتى زور ئۈمىد بىلەن بالىنىڭ ئىسمىنى پەرھاد قويۇشتى، بالا پاقلان بولغاندا دادا ئانىنى ئەنسىرىتىپ ئۇنى ئاسمانغا ئېتىپ ئوينايتتى ۋە بوغدا تېغىنى كۆرسىتىپ: «قارا پەرھاد، چوڭ بولغاندا ئاشۇ تاغلاردىن سۇ باشلاپ ئەتراپتىكى قاقاسلىقلارنى كۆكەرت، سېنىڭ پەرھاد ئىكەنلىكىڭنى ھەممە ئادەم بىلسۇن» دەيتتى. بۇۋاق بولسا خۇددى دادىسىنىڭ گېپىنى چۈشەنگەندەك ئۇنىڭ قۇچىقىدا يۇلقۇنۇپ تاغ تەرەپكە تەلپۈنەتتى. ئەپسۇس، ئۇزاق ئۆتمەي تەقدىر بۇ ئائىلىگە كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كەلدى. ئانا تۇل، بالا يېتىم قالدى. ئانا بولسا باشقا ئەرگە تەگدى.

ئاتا - ئانا غايەت ئۇلۇغ ئارزۇلار بىلەن باققان ئەتىۋار بالىنىڭ بەختسىز ھاياتى باشلاندى. ئۆگەي دادا بالىسىنى يامان كۆرەتتى. ئۇنى پەقەت باشقا دادىدىن بولغان بالا بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆلگۈدەك يامان كۆرەتتى، ئانا بولسا بۇ جان - جىگەر بالىسىنى ئۆگەي دادىسىنىڭ يامان كۆزىدىن جېنىنىڭ بىرىچە قوغدايتتى. ئەمما ئۇ ئەردىن ئايرىلىپ قېلىشنىمۇ خالىمايتتى. ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتتى. ئانا ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قىز تۇغدى. دادا ئۆز قىزلىرىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى. پەرھاد بولسا يەكلىنىپ قېلىۋەردى. ھېيت - ئايەم كۈنلىرى ئۈچ قىزنىڭ كىيىمى يېڭىلانسا، پەرھاد كونا كىيىم بىلەن قېلىۋەردى. ئاتا - ئانا ئۈچ قىزنى ئەركىلىتىپ ئويناتسا، پەرھاد بىر بۇلۇڭدا بوينىنى قىسىپ ئۇلارغا تەلمۈرۈپ ئولتۇردى. دادا ھەر قېتىم تالادىن كىرگەندە ئۈچ قىز كەنپىت شۈمىسە، پەرھاد بارمىقىنى شۈمىدى. ئانىمۇ بارلىق مېھرىنى ئۈچ قىزىغا بەردى. ئۇ كۆڭلىدە ئوغلىنى قىزلىرى بىلەن ئوخشاش كۆرسىمۇ، ئەمەلىي مۇئامىلىدە ئېتىبارسىز قالدى. ئۈچ قىزنىڭ ھەممىسىنىڭ بۆشۈكىنى پەرھاد كۈنلەپ - كۈنلەپ تەۋرەتتى. سىڭىللىرىنى يۇدۇپ يۈرۈپ باقتى، قىزلارنىڭ قايسى بىرى سىرتتا يىقىلىپ چۈشۈپ بىرەر يېرى زەخمىلەنسە ياكى باشقا باللاردىن تاياق يېسە، ئۇنىڭ جاۋابكارى پەرھاد بولۇپ تىللىنىدى ۋە ئۇرۇلدى. پەرھادنىڭ ئالتەياش ۋاقىتلىرى ئىدى. بىر قېتىم ئۇ مەھەللىسىدە كىچىك سىڭلىسىنى ئوينىتىپ كۆتۈرۈپ كېلىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ سىڭلىسى قاتتىق يىغلاپ كەتتى. بۇ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغان دادا ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، پەرھادنىڭ سىڭلىسىنى يىقىتىۋەتكەنلىكىنى بىلىپ قىزىنى قۇچىقىغا ئالدى - دە، پەرھادنى يوغان بەتىنكىلىك پۇتى بىلەن بىرنى تەپتى. كىچىك پەرھاد يەردىن ئۈزۈلۈپ ئۇچۇپ بېرىپ ئۈچ - تۆت مېتىر نېرىغا چۈشتى، ئۆگەي دادا غەزەپ ئاچچىقىدا بالىغا قاراپمۇ قويماي قىزىنى كۆتۈرۈپ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. پەرھادنىڭ ئاغزىدىن بۇلۇقلاپ قان ياندى. قولۇم - قوشنىلار بالىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىشتى. ھەممەيلەن بالىنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەپ ساراسىمىغا چۈشتى. ئەمما، بالىنىڭ ئانىسى ئېرىدىن قورقۇپ بالىسىنىڭ يېنىغا چىقىشقا پېتىنالمىدى. ھوشسىز پەرھادنى قوشنىلار ئۆز ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى، بالا ھوشىغا كەلدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە

قوشنىلار پەرھادقا: «ئەمدى ئۆيۈڭگە كىرىپ كەت - بالام! نېمىلا بولمىسۇن ئۆز ئۆيۈڭ!» دەپ نەسىھەت قىلىپ، ئۆيىگە چىقىرىۋەتتى. بالا زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان بېشىنى سىلاپ ماغدۇرسىز پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ ئۆز ئۆيى ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئىشىكنى ئالدىغا بېرىپ، ئىشىكنى چېكىشكە جۈرئەت قىلالماي ئىشىك ئالدىدا ئولتۇردى. ئۇ ئىشىكنى ئالدىدا ئىككى سائەتتەك ئولتۇردى. ئىشىك ئېچىلمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىگە قارىدى. دېرىزىدىن بولسا چىراق يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بالا ئىشىكنى چەكتى، ئۆي ئىچىدىن سادا چىقمىدى. بالا ئىشىكنى يەنە چەكتى... يەنە چەكتى... ئىشىك ئېچىلمىدى. ئۇ يەنە ئىشىك ئالدىدا ئولتۇردى. ئۇ ئاستا - ئاستا مۈگدەشكە باشلىدى. پەرھاد تىزىنى قۇچاقلاپ بېشىنى تىزى ئۈستىدە قويۇپ ئۇخلاپ قالدى. كۈز كۈنلىرىنىڭ كېچىكى سوغۇقىدىن مۇزلاپ كەتكەن پەرھاد تىترەپ ئويغىنىپ كەتتى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىگە قاراپ چىراقنىڭ ئاللىقاچان ئۆچكەنلىكىنى، ئۆي ئىچىنىڭ قاراڭغۇلۇققا چۆمگەنلىكىنى كۆردى. ئالتە ياشلىق بۇ بالا ئىشىككە تەلمۈرۈپ بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن تۈن قاراڭغۇلۇقىدا ئۆز ئۆيى ئالدىدىن ئايرىلدى. ئۇ قاراڭغۇدا تۇنجى قېتىم تەنھا ھەم ناتونۇش كوچىلاردا مېڭىشقا مەجبۇرى بولدى. بالا قاراڭغۇ كوچىدا قورقۇپ سوغۇق تەرگە چۆمدى، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇ قورقۇنچتىن كوچىدا يۈگۈرۈشكە باشلىدى.

ئۇ يۈگۈرۈپ كوچىنىڭ چېتىگە چىققاندا يىـ [illegible]

[illegible] نۇش ئويغۇر بالىسىنى كۆردى - دە، شۇ كېچىسى بالىنى قوندۇرۇۋالدى. كېچىچە بالىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ چىقتى. بۇ بوۋاي بالىغا ئۇدا ئۈچ كۈن قارىدى. دورا ئىچكۈزدى، ئوكۇل سالدۇردى، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆز ئۆيىگە پەيدا بولغان پەرھاد كەچقۇرۇنلۇقتا ئەيىبلىنىپ يەنە تاياق بىلەن مېھمان قىلىندى. ئانىمۇ ئۆز ئوغلىنى ئەيىبكار ساندى. پەرھاد شۇندىن بېرى ئاتا - ئانىسىدىن تاياق يېگەندە پات - پات ئۆيىدىن يوقاپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى.

× ×

ئاپتونوم رايونلۇق رەڭلىك مېتاللار ئىدارىسىنىڭ قۇرۇلۇش شىركىتىدە ئىشچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان پەرھاد، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئائىلىسىنىڭ جاي سېلىش ئىشلىرىغا ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقاردى. ئۇ دوستلىرىنىمۇ ياردەمگە چاقىردى. دوستلىرى بىلەن كېچە - كۈندۈز ئىشلىدى. ئۇ گەرچە قاتتىق چارچىسىمۇ كۆڭلى يەنە خۇشال تۇراتتى. چۈنكى، ئۇ ئائىلىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم بولغان ئۆي سېلىش ئىشىغا كۈچ چىقىرىۋاتاتتى. ئۇ مۇشۇ ئىشى ئارقىلىق ئانىسىنىڭ ۋە ئۆگەي دادىسىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاغزىدىن «بۇ يېڭى ئۆيىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئوغلىمىز پەرھادنىڭ ئەجرى بار» دەيدىغان بىر ئېغىز ئىللىق گەپنىڭ چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۆيمۇ پۈتتى، بىر كۈنى پەرھاد ئىش بىلەن فۇكاڭغا كېتىپ ئەتىسى قايتىپ كەلسە، ئاتا - [illegible]

ئۇچۇن باغاق بىرلىمىگەنىدى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى قىلچىمۇ ئىتىبارغا ئېلىپ قويمىغانلىقى پەرھادقا تولىمۇ ئېغىر كەلدى. بىراق، ئۇ ئانىسىغا ياكى دادىسىغا بۇ ھەقتە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئاچچىق ھەسرەتكە پايلىماي ئۆز ھۇجرىسىدا تەنھا ھاراق ئىچتى. يوشۇرۇن ياش تۆكتى. پەرھاد كوچىلاردا دوستلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇلارنىڭ «ئۆي چىپىنى قاچان بېرىسەن؟!» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇردى. پەرھادنىڭ يۈرگەن قىزى ×× مۇ ئۇنىڭغا دوستلار ئۈچۈن ئۆي چىپى قىلىپ بېرىش تەكلىپىنى بەردى. پەرھاد ھەر ئايلىق مائاشىنى ئۆيگە تولۇقى بىلەن تاپشۇرمىسا بولمايتتى. ئۇ ئۆزى ئاز - تولىدىن ئىقتىساد قىلىپ پۇل يىغدى. پەرھادنىڭ سۆيگەن قىزىمۇ پۇل چىقاردى. دوستلىرى يەنە قاراپ تۇرمىدى. ئۇلار كوللېكتىپ تەييارلىق قىلدى. پەرھاد دوستلىرىغا ئۆي چىپى قىلىپ بېرىشنى ئاتا - ئانىسىغا ئېيتقاندا ئۇلار ھېچنېمە دېمىدى، ئىپادە بىلدۈرمىدى. پەرھادنىڭ دوستلىرى چاقىرىلغان كېچىلىكى ئۆزلىرىنىڭ قىز دوستلىرىنى ئېلىپ بىر - بىرلەپ كېلىشتى، مېھمانلارنى كۈتۈشكە تەييارلىنىۋاتقان پەرھاد تۇيۇقسىز ئۆز ھۇجرىسىغا قامالدى. پەرھادنىڭ دادىسى دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ پەرھادنىڭ مېھمانلىرىنى بىر - بىرلەپ توساپ قورۇغا كىرگۈزمىدى. ئۇ:

— پەرھاد مېھمان چاقىرغۇدەك بېيىپ كەتكىنى يوق، بۇ گۇناھى ئۈچۈن پەرھادنى ئۇراي دېسەم، مېنىڭ «ئۆگەي دادا» دەيدىغان يامان ئېتىم بار، شۇڭا سىلەر دوستۇڭلارنى ئايىماقچى بولساڭلار، ئارقاڭلارغا بۇرۇلۇپ ئۆز ئۆيۈڭلەرگە كېتىڭلار، — دېدى. پەرھادقا كەلگەن بۇ ئادەمنى ئاز - تولا چۈشىنىدىغان بالىلار ئۈن - تىنسىز قايتىپ كېتىشتى. قىزلارمۇ ئۆز يىگىتلىرىگە ئەگىشىپ كېتىشتى. پەرھادنىڭ يۈرگەن قىزى بۇ ھاقارەتكە ئۇچراپ قايتىشقا مەجبۇر بولدى. پەرھاد شۇ كېچىسى كىرپىك قاقماي چىقتى. ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن بۇيان ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزىگە سالغان زۇلۇمى، ھاقارەتلىرىنى ئىختىيارسىز بىرمۇ - بىر ئەسكە ئالدى. ئۇ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تۈگەتتى. ئۇ، مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلارنىڭ مېھرىبانلىقىغا ئېرىشتى - يۇ، ئۆيدە بىرەر قېتىممۇ ئىللىق مۇئامىلىگە ئېرىشەلمىدى. مەكتەپتە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان تەربىيە چىرايلىق گەپ، ئىللىق سۆز بولسا، ئۆيدە تەربىيە تاياق ۋە تىل بولدى. تېخى ئىككى يىل ئالدىدا دادىسى يوقىلاڭ ئىش ئۈچۈن تىرىكىپ ئۇنى قاتتىق ئۇردى. تاياق زەربىدىن ئۇنىڭ ئىككى قوۋۇرغىسى ۋە ئوقەرەك سۆڭىكى سۇندى. ئۇ ئىككى ئاي دوختۇرخانىدا يېتىپ ساقىيىپ چىقتى. (دادىسىنىڭ ئۇنىڭ بەدىنىدە قالدۇرغان جاراھەت ئىزلىرى بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە گۆرگە كىرىپ كەتتى.) مانا ئەمدى جانىجان دوستلىرى ۋە سۆيگىنى ئالدىدا لەت بولدى. دادىسى نېمە ئۈچۈن ئۇنى شۇنچىۋالا ئۆچ كۆرىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆگەي بالا بولۇپ قالغانلىقى كەچۈرگۈسىز گۇناھمۇ؟ ھايۋانلارمۇ بالىلىرىنى ھىمايە قىلىدۇ: توخۇ چۈجىلىرىنى، ئىت كۈچۈكلىرىنى باشقىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ھىمايە قىلىدۇ. ئەمما پەرھادنىڭ ئانىسى ئۇنى ئۆگەي دادىسىنىڭ زەربىسىدىن قوغدىمايتتى، بەلكى دادىسى تەرەپتە تۇرۇپ ئۇنى ئەيىبلەيتتى.

پەرھاد «بۇنىمە ئۈچۈن؟ نېمىشقا شۇنداق

بولىدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى. بىراق بۇ سوئاللارغا ئۇنىڭ كاللىسىدا جاۋاب تېپىلمىدى. پەرھادنىڭ كۆز ئالدىدا دادىسىنىڭ ئۇنى غالجىرلىق بىلەن ئۇرغان، تەپكەن، تىللىغان، ھاقارەتلىگەن قىياپىتى بىرمۇ - بىر ئايان بولۇشقا باشلىدى. ئۇ، بەدىنىدىكى تاياق ئىزىنى سىلىدى، ئۇنىڭ قەلبىدە بۇ ئۆگەي دادىسىغا بولغان نەپرەت سەلدەك يامرىدى. ئۇ «دۇنيادا ياكى مەن، ياكى ئۆگەي دادا ئاتالغۇچى مەلئۇن ياشىشى كېرەك» دەپ ئويلىدى - دە، ئىختىيارسىز قولىغا پىچاق ئالدى. ئۇ، تۈن قاراڭغۇسىدا ئۆز ھۇجرىسىدىن ھويلىغا چىقتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆگەي دادىسىنى، ئاندىن ئۆزىنى ھالاك قىلىش نىيىتىگە كەلدى. دەل شۇچاغدا تۇيۇقسىز سۆيگەن قىزىنى ئېسىگە ئالدى. قىزنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان ئوماق چىرايى، ئوتلۇق كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى - دە، پىچاق تۇتقان قولى ئىختىيارسىز بوشىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆز ھۇجرىسىغا قايتىپ كىردى. پەرھاد يوتقان - كۆرپىسىنى ئالدى - دە، ئۆيدىن چىقىپ قۇرۇلۇش ئورنىغا قاراپ كەتتى. ئەتىسى ئۇ سۆيگەن قىزىنى ئىزدەپ باردى. قىز پەرھادنىڭ دادىسىنىڭ ئاخشامقى يولسىزلىقىدىن قاتتىق رەنجىگەنىدى. ئۇ، ئائىلىسىدە بالىلىق ئىززىتى بولمىغان بۇ يىگىت بىلەن ئەمدى ئالاقىنى ئۈزگەنلىكىنى ئېيتىپ

ئۇچراشقاندا: «پەرھاد ئۆي چېپىنى قاچان قىلىمىز؟» دەپ تەنىلىك چاقچاق قىلىپ قوياتتى. پەرھاد بۇنداق گەپنى ئاڭلىغاندا بولسا قۇلىقىغىچە قىزىرىپ كېتەتتى.

پەرھادنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىپ ياتاقتا يېتىشى ئاتا - ئانىسى ئۈچۈن بىر چوڭ دەستەك بولدى. ئۇلار پەرھادنى ۋاپاسىزلىقتا ئەيىبلەشتى. پەرھاد ئۆگەي دادىسىنىڭ «پەرھادنى ئەمدى ئۆيگە سولىمايمەن، ئەمدى كىلىدىكەن پۇت - قولىنى چېقىۋېتىمەن» دېگەن گەپلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئائىلىسىدىن، سۆيگەن قىزىدىن ئايرىلغان پەرھاد كۈندە دېگۈدەك ھاراققا بېرىلىشكە باشلىدى ...

بىر كۈنى كەچ پەرھاد ياتاقداشلىرىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن قىمار ئوينىدى. ئاخىرى ئىككىيلەن مۇشتلىشىپ قالدى. پەرھادنىڭ ياتاقداشى چوڭ ۋە گەۋدىلىك بولغانلىقتىن پەرھادنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ گېلىنى بوغدى. پەرھادنىڭ قولىغا بىر تۆمۈر چىقتى - دە، تۆمۈر بىلەن بېسىۋالغان ياتاقداشىنى بىرنى سالدى. قىرلىق تۆمۈر ئۇنىڭ مۇرىسىنى تىلىۋەتتى، قان ئاقتى ... ... پەرھادنىڭ ياتاقداشى «پەرھاد ماڭاپىچاق سالدى» دەپ دەۋا قىلدى. پەرھاد ئىقرار بولمىدى. دەۋاگەرنىڭ ئىسپاتى ئاساس قىلىنىپ پەرھاد بىرئاي يىغىۋې-

www.uyghurkitap.com

ئەترىتىگە بېرىپ ئىشلىدى. ئەمما ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئاجىزلىشىپ كېسەلچان بولۇپ قالغانلىقتىن، ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىقالمىدى. ئۇ تۈرمىدىن كېلىپ، يۈرگەن قىزىنىڭ ئەرگە تېگىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ دەردىنى ھاراقتىن ئالدى. ھەر كۈنى كەچ ھاراق ئىچتى، مەس بولدى. ئاندىن تۈرمىلەردىمۇ ساقلاپ كەلگەن قىزنىڭ رەسىمىنى قولىغا ئېلىپ، رەسىمگە قاراپ كىچىك بالىدەك ھۆكرەپ يىغلىدى. قانچە كېچىلەرنى ئۇ ئاشۇنداق تاڭ ئاتقۇزدى ...

پاز كېچىلىرى قۇرۇلۇش ئورنىدا ياتقان پەرھاد قىش باشلىنىشى بىلەن پاناھسىز قالدى، ئۇ لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان كېچىلەردە ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئىشىكنى چەكتى، ئىشىك ئېچىلدى - يۇ، يەنە ئۇنىڭ يۈزىگە قاتتىق يېپىلدى، ئۇ ئۆز ئۆيىگە كىرەلمىدى.

ئۇ، بىر ئاشپەز دوستىنىڭ ياردىمى بىلەن قىشنىڭ ئۇزاق ۋە قەھرىتان كېچىلىرىنى دۆڭكۆۋرۈك ئاشخانىسىنىڭ ئوچىقىدا ئۆتكۈزدى. ئۆپكىسىگە سوغۇق تەگكەن پەرھاد ئايلاپ ئىشقا بارالمىدى. شۇنداق قىلىپ، قۇرۇلۇش ئەترىتىمۇ پەرھادنى ئىشتىن بوشاتتى. ئۇ، ئائىلىسىدىن ئايرىلدى. خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلدى. ياخشى كۆرگەن قىزىدىن ئايرىلدى. قۇرۇلۇش شىركىتى ئۇنىڭ نوپۇسىنى ئەۋەتىپ بەردى. پەرھاد نوپۇسىنى پەيچۇسوغا ئاپاردى. پەيچۇسو ئۇنىڭغا كۆتەك نوپۇسىنى ئەپكېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇ ئۆيىگە باردى. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ بۇ ئائىلىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىدى. كۆتەك نوپۇسىنى بەرمىدى. پەرھادنىڭ ئولتۇرۇشلۇق ئۆيى ياكى ئادرېسى بولمىغانلىقتىن، پەيچۇسو ئۇنىڭ نوپۇسىنى ئولتۇرغۇزۇشقا ئامالسىز قالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ نوپۇسسىز قالدى. مۇبادا قۇياش نۇرى، نەپەس ئالىدىغان ھاۋا، ئىچىدىغان سۇ ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىنىپ بېرىلگەن بولسا ئىدى، پەرھادنىڭ ئاتا - ئانىسى: «بۇلار پەرھادقا تەئەللۇق ئەمەس» دەپ، شۇنىڭدىنمۇ ئۇنى مەھرۇم قىلغان بولار ئىدى. ئەمما سېخى تەبىئەت ئۇنداق ئورۇنلاشتۇرمىغان ئىكەن، پەرھاد يەنىلا ھايات ياشىدى.

پەرھاد ئۆمرىدە نۇرغۇن خورلۇقلارغا ئۇچرىشىغا قارىماي، ناھايىتى نومۇسچان يىگىت ئىدى. ئۇ ھېچقانداق يامان يولدا ماڭمىدى. ئۇ ئىشتىن بوشىتىلغان ۋاقىتتىن باشلاپ، ئۇرۇمچى ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ ئالدىدىكى بازاردا كاۋاپچى دوستلىرىغا ياردەملىشىپ، كۈن بويى زىققا كاۋاپ ئۆتكۈزۈشۈپ بەردى. كېچىسى كاۋاپچىلارنىڭ، باققاللارنىڭ، ئاشپەزناۋايلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ساقلاپ بەردى. ئۆز ئىشىغا يارىشا باشقىلار بەرگەن ھەق بىلەن كۈن ئۆتكۈزدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندۈزلۈك مەشغۇلاتىنى ۋە كېچىسىنى ئۆز ئۆيىدىن يۈز مېتىردەك يىراقلىقتىكى يەردە ئۆتكۈزۈپ كەلدى. ئۆزىنىڭ ئانىسى، دادىسى ۋە سىڭىللىرى بەزى - بەزىدە مۇشۇ كوچىدىن ئۆتەتتى. بۇ چاغلاردا، ئۇ ئۇلارنى يىراقتىن بولسىمۇ كۆرۈۋالغىنىغا خۇشال بولاتتى. سىڭىللىرى بولسا بەزى - بەزىدە ئاتا - ئانىسىدىن يوشۇرۇن ئۇنىڭ يېنىغا كېلەتتى، ئەھۋالىشاتتى.

پەرھادنىڭ ھايۋاناتلار باغچىسى ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئۆگەي دادا شۇ كۈندىن باشلاپ ئىشكاپقا يوغان ئەتىۋىركىدىن بىرنى سېلىپ ساقلاپ يۈردى. ئۇ ئايالىغا ۋە قىزلىرىغا: «ئەگەر پەرھاد ئۆيگە

كىرگۈدەك بولسا، مېنى ئۆلتۈرمەك ئۈچۈن قا-
تىللىق قورالى كۆتۈرۈپ باستۇرۇپ كىردى،
دەپ تۇتۇپ ساقچى ئورۇنلىرىغا ئاپىرىپ بې-
رىمەن» دېگەن گەپلەرنى كۆپ قېتىم قىلىپ
يۈردى. پەرھاد دادىسىنىڭ بۇ يامان نىيىتى-
دىن خەۋەر تاپتى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىگە
بۇنداق زىيانكەشلىكنى قىلىشتىن باش تارتى-
مايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ئۆز ۋاق-
تىدا «قاتىل» ھېسابلىنىپ تۈرمىگە سولانغان،
بەلكىم دادىسى يەنە ئۇنىڭغا قارا چاپلىسا،
ساقچى ئورۇنلىرى ئىشىنىپ قېلىشى مۇمكىن
ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز ئۆيىدە تەرەپكە قەدەم
باسالمىدى. ئەمما، ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزى-
نى كەچۈرۈشىنى، «ئوغلۇم» دەپ ئۆيىنىڭ بىر
ئەزاسى ھېسابلىشىنى، ئائىلىنىڭ بالىسى سۆ-
پىتىدە ئاتا - ئانىسى بىلەن بىر داستىخاندا
ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى.
تى. پەرھاد ئۈچۈن بىر تالاي ئادەملەر خالىس
ئەلچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن
سۆزلەشتى. بىراق ئاتا - ئانا پەرھاد ئىسىملىك
ئوغلىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمىدى. شۇن-
داقتىمۇ، پەرھاد ھەر كۈنى كەچ ھايۋاناتلار باغ-
چىسى ئالدىدا ئۆز ئۆيىنىڭ چىراق يورۇتۇپ
تۇرغان دېرىزىسىگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ
ئولتۇراتتى. ئۆي چىرىقىنىڭ قايسى كۈنى، سا-
ئەت قانچىدە ئۆچكەنلىكى ئۇنىڭ ئېسىدە
ئېنىق ئىدى. ئۇ ئاتا - ئانىسى بىلەن يارى-
شىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى - يۇ، بۇ ئارزۇغا
ئېرىشەلمىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ دادىسى باغچا
ئالدىدا پەيدا بولدى - دە، ھاراق ئىچىش-
ۋاتقان بىرنەچچە تونۇشى يېنىغا كېلىپ ئول-
تۇردى. كاۋاپچىلارنىڭ بىرىگە بىرنەچچە زىق
پىشۇرۇۋاتاتتى. دادىسىنى كۆرگەن پەرھادنىڭ
يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئۇ، مۇشۇ
مەيداندا كۆپچىلىكنىڭ ياردىمىدە دادى-
سى بىلەن ئەپلىشىۋېلىشنى ئويلىدى - دە،
چاقماق تېزلىكىدە يىگىرمە زىق كاۋاپنى پى-
شۇرۇپ دادىسىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويدى.
«ئېلىڭ دادا! ئۆزەم پىشۇرغان كاۋاپ، يەپ
بېقىڭ!» دېدى. دادىسىنىڭ ياۋۇزلۇق نۇرى
يېغىپ تۇرغان كۆزى پەرھادقا تىكىلدى. ئۇ:
«مەن سېنىڭ داداڭمۇ؟ مەن سېنىڭ كاۋىپىڭ-
نى يەيمەنمۇ؟» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ،
نان بىلەن قويۇلغان كاۋاپلارنى بىر تەپتى،
كاۋاپلار ھەريان چېچىلىپ توپىغا مىلى-
نىپ كەتتى. دادا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.
پەرھاد بولسا ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇ-
رۇپلا قالدى. باشقىلار پەرھادقا تەسەللى
بېرىشتى. شۇ كۈنى پەرھاد بۇ توغرىدا ھېچ-
كىمگە ھېچنىمە دېمىدى ياكى يىغلىمىدى.
ئۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ زىقتا كا-
ۋاپ ئۆتكۈزدى، كاۋاپ پىشۇردى. كەچ كىر-
دى، ئادەملەر تاراپ كېتىشتى. ھەر كۈندىكى-
دەك پەرھاد باغچا ئالدىدا يالغۇز قالدى. ئۇ
ماگىزىنىدىن بىر بوتۇلكا ھاراق ئالدى. ھاراق-
نى ئىچتى، مەس بولدى. ئۇ يىغلاشقا باشلى-
دى، بارغانسېرى كىچىك بالىدەك ھۆكۈرەپ
يىغلاۋەردى. ئۇ يىغلاپ - يىغلاپ سېمونت
تاختاي ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. شۇ
كېچىسى قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. سوپۇن
زاۋۇتىنىڭ ماگىزىنچىسى لىيۇ شۆلۈي ئۇنى
ئويغىتىپ، ماگىزىنىنىڭ ئالدىدىكى لەمپە ئاس-
تىغا ئەپكېلىپ ياتقۇزۇپ قويدى.

پەرھاد يازدا باغچا ئالدىدىكى تىجارەت-

پارقازان ئۆيىدە ئۆتكۈزدى. كۈندۈزلىرى كىشىلەر-
نىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىپ جان باقتى.
گەرچە ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئوغرى، لۈكچەك
دەپ قارىلاپ كەلگەن بولسىمۇ، باغچا ئالدىدا
ياز بويى تىجارەت قىلىدىغان تىجا-
رەتچىلەر ۋە مۇشۇ ئەتراپتىكى ئائىلىلىكلەر
پەرھادنىڭ باغچا ئالدىدا ئۆتكەن يېقىنقى
ئۈچ - تۆت يىللىق هاياتىدا ئۇنىڭ بىرەر
ئادەمنى ئۇرغانلىقىنى ياكى بىرەر ئايالغا
قوپال چاقچاق قىلغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ھەم-
مەيلەن ئۇنى ئەخلاقلىق بالا دەپ تەرىپلەش-
كەچكە، كىچىلىرى نەرسە - كېرەكلىرىنى پەرھادقا
تاپشۇرۇپ خاتىرجەم ئۆيلىرىگە كېتىشەتتى.
1985 - يىلى يازنىڭ بىر كۈنى كەچتە،

باغچا ئالدىدا يالغۇز قالغان پەرھاد يېرىم
كېچىگە يېقىن بىر دەرەخقە ئىلىپ قويۇلغان
بىر چاپاننى كۆردى - دە، بېرىپ چاپاننى
قولىغا ئالدى. ئۇ چاپاننىڭ يانچۇقلىرىنى
ئاختۇرۇپ كۆردى. تۆش يانچۇقتىن بىر باغ-
لام پۇل چىقتى. بۇ تۆت يۈز يۈەن
پۇل ئىدى. پەرھاد يەنە بىر يانچۇقتىن بىر
كىنىشكا تاپتى. ئۇ يول بويىدىكى چىراق
يورۇقىغا بېرىپ كىنىشكىگە چاپلانغان رەسىمنى
كۆردى - دە، بۇ، ھەركۈنى مۇشۇيەردە راكپىزا
ساتىدىغان تۇڭگان بوۋاي يۈي دىجاڭنىڭ
تىجارەت كىنىشكىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى. پەر-
ھاد كېچىدە ئىزدەپ يۈرۈپ، يۈي دىجاڭنىڭ
ئۆيىنى تاپتى. پۇلنى، چاپاننى ئىگىسىگە تاپ-
شۇرۇپ بەردى. پەرھادنىڭ بۇ ياخشىلىقىدىن
تەسىرلەنگەن يۈي دىجاڭ پەرھادنى مەھكەم
قۇچاقلاپ تەشەككۈر بىلدۈردى. ئۇ كۆزىگە ياش
ئالدى. شۇنىڭدىن بېرى يۈي بوۋاي پەرھادنىڭ
بۇ ياخشى ئىشىنى ئۇچرىغانلا ئادەمگە ھېكايە
قىلىپ يۈردى. پەرھاد ئېغىر كېسەل
ئازابىدا ياتقاندا، ئۇنىڭغا كۈندە بىر قاچا راك-
پىزا بېرىشنى ئۇنتۇمىدى. ھەتتا پەرھاد ئۆ-
لۈپ كەتكەندە پەرھادنىڭ جىنازىسىنى كۆتەر-
گۈچىلەرنىڭ، پەرھاد ئۈچۈن ياش تۆككۈچى-
لەرنىڭ بىرى يۈي بوۋاي بولدى.

ئۆي - ماكانسىز قالغان پەرھاد تالادا يېتىپ-
قوپقانلىقتىن، گەرچە ئۇنىڭ كىيىمى ئانچە پا-
كىز بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قەلبى ئالتۇن-
دەك ساپ ئىدى. بۇلتۇر يازنىڭ بىر ئاخشى-
مى باغچا ئالدىدا ئولتۇرۇشلۇق ئېرىز پەرھاد-
نىڭ دەرەخلىق ئارىسىدا يالغۇز هالدا بېشىنى
چاڭگاللاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى - دە، ئۇنىڭ
يېنىغا باردى. ئۇلار ئادەتتىمۇ خېلى يېقىن
ئۆتەتتى. ئېرىز پەرھادنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى
بايقىدى. ئۇ «پەرھاد نېمە بولدۇڭ؟» دەپ
سورىدى. پەرھاد بىر ئاز هاراق ئىچىۋالغا-
نىدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، ئاندىن:
«دەرت ئاكا، دەرت، — دېدى ئۇ ئۆلۈغ - كىچىك
تىنىپ، — باياتتىن بىر دوستۇم كەلگەنىكەن.
ئۇ، مەن بۇرۇن يۈرگەن قىزنى ئېرى قاتتىق
ئۇرۇپ ئاغرىق - بۇرنىنى قان قىلىۋەتكەنلى-
كىنى ئېيتتى. لۈكچەك ئەر ئۇنى دائىم ئۇرۇ-
دىكەن. مەن ئۇنىڭ تاياق يېگەنلىكىنى ھەر
قېتىم ئاڭلىسام يۈرىكىمگە پىچاق سانچىلغاندەك
بىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مەن توي قىلغان بول-
سام، ئۇنى بېرىنى چەككەن ئادەمنى ئامان قو-
يارمىدىم» دېدى كۆز يېشىنى سۈرتۈپ.
ئېرىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىماق بولۇپ:

— ئۇ قىز سېنى ياخشى كۆرگەن بولسا ئۆز
ۋاقتىدا سەن بىلەن توي قىلمامتى؟ خەقنىڭ
خوتۇنى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ ئاۋارە بولما
ئۇكا! — دېدى.

— ياق، — دېدى پەرھاد، — ئۇ مەن بىلەن
توي قىلالاتتى. ھەممە ئىشنى بۇزغان رەھىمسىز

ئاتا - ئانام. ئەگەر مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان بولسام، مۇشۇ كۈنلەرگىچە قالماس ئىدىم.

— ھەممىسى يىراقتا قالغان ئىشلار، بۇلارنى ئېسىڭدىن چىقىرىۋەت، — دېدى ئېزىز ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

— ئۇنتالمايمەن ئاكا، مەنمۇ تۈگەشكەن ئادەم. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنتالمايمەن، — دېدى پەرھاد. ئۇ يەرگە قارىغىنىچە جىم بولۇپ قالدى. ئېزىز بۇ سەرگەردان كوچا بالىسىنىڭ ئالىيجاناب قەلب ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ پەرھاد بىلەن پات-پات پاراڭلىشىپ تۇرىدىغان ۋە بەزىدە ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ قىلىدىغان بولدى. پەرھاد كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندا، بۇ ئائىلە ئۇنىڭدىن ئالاھىدە خەۋەر ئالدى. بولۇپمۇ بۇ ئائىلىنىڭ ئانىسى زىۋىدەم ئانا گەرچە سەككىز بالىسى بولسىمۇ پەرھادنى توققۇزىنچى بالا قاتارىدا كېچە - كۈندۈزلەپ باقتى...

پەرھاد ھاياتىدا ئۆزىگە نۇرغۇن بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئۆگەي دادىسىغا، ئۆگەي دادىسىنىڭ سالغان ئاپەتلىرىنى توسۇپ قالالمىغان ئانىسىغا يەنىلا يامان نىيەت ئويلىمايتتى. ئاتا - ئانىسى ئۇنى «ئوغلۇم» دەپ

نىڭ ئوغلى مۇشتىلىشىپ قالغانىكەن. ھەر ئىككىلى تەرەپنىڭ ئاياللىرى يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۆز ئارا تىللاشقىلى تۇرۇپتۇ. ئۇرۇشقان ئەرلىرىنى بولسا كىشىلەر ئاجرىتىۋەتكەن بولۇپ، ھەر ئىككىيلەنگە ئۇرۇشماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا پەرھادنىڭ دادىسى تاياق يېگەنىكەن. بىر پەستىن كېيىن پەرھاد باغچا تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، دادىسىنى ئۇرغۇچى يىگىتنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ: «نېمىشقا دادامنى ئۇردۇڭ؟» دەپ ئۇنىڭغا مۇشت ئېتىشقا ھازىرلاندى. ھېلىقى يىگىت: «بىز سەن بىلەن ئاغىنە، ياقامنى قويۇۋەت پەرھاد» دېدى. پەرھاد: «نېمىشقا ئاغىنىدارچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلماي دادامنى ئۇردۇڭ؟» دېدى ئۇنىڭ ياقىسىنى سىلكىپ. ئۇ يىگىت: «ئۇ سېنىڭ داداڭمۇ؟ سېنىڭ قىساسىڭنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنى تازا ئۇرىمەن» دېدى. پەرھاد: «ھەي!... ئۇ دېگەن مېنىڭ دادام، بىلەمسەن؟!» دەپ ئۇنىڭ يۈزىگە بىرنى تۈكۈردى. ئۇ يىگىت: «مۇشۇ مۇناپىقنى دادام دېگەن ئاغزىڭغا» دەپ، پەرھادنىڭ ئاغزىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇردى. پەرھاد بىر نەچچە قەدەم داجىپ بېرىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ يىگىت بۇرۇلۇپلا كېتىپ

نىڭغا بىرەر پىيالە چاي بولسىمۇ چىقارمىدى. پەرھاد بېشىنى ساڭگىلىتىپ يول بويىدا يېرىم سائەتتەك ئولتۇردى. مەنمۇ ئۆز ئۆيۈمنىڭ بالكونىدا پەرھادنى كۆزىتىپ تۇردۇم. پەرھاد ئاخىرى ئورنىدىن تۇردى- دە، بېشىنى سېلىپ يەنە باغچا تەرەپكە كېتىپ قالدى. ئۇ گويا ئۆزىنى بىرسى چاقىرىۋاتقاندەك پات - پات بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قارايتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۆز ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە قارايتتى. ئەمما ئۇنى ھېچكىم چاقىرمىدى. ئۇ ئاستا - ئاستا باغچا تەرەپكە كەتتى. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى قىياپىتى ھېلىمۇ جانلىق كىنو كۆرۈنۈشلىرىدەك كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

پەرھاد دادىسى بىلەن يارىشىۋالالمىدى، شۇڭا ئۆيىگىمۇ كىرەلمىدى. دادىسى بولسا پەرھادنى «قاتىل» لىق بىلەن ئىسپاتلىماقچى بولغان ئەتۋىرگىنى بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئوبدان ساقلاپ كەلدى. پەرھاد بولسا قىلتاققا دەسسىمىدي. بىر كۈنى كەچ پەرھادنىڭ كىچىك سىڭلىسى ئۇنى ئىزدەپ كەلدى. سىڭلىسى پەرھادقا: «ئاكا! دادام ساقلاپ يۈرگەن ئەتۋىركىنىڭ قايسى ئىشكاپتا ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. كېچىسى دادام ئۇخلاپ قالغاندا ئاچقۇچىنى ئېلىپ ئىشكاپتىن ئېلىپ چىقىپ سىزگە بېرەي. سىز قورقماي ئۆيگە كىرىۋېرىڭ!» دېدى. پەرھاد: «رەھمەت سىڭلىم، بىراق مېنى دەپ سىلەر يامان كۈنگە قالماڭلار. تارتىدىغان ئازابنى مەنلا تارتاي» دەپ سىڭلىسىگە تەسەللى بەردى. سىڭلىسى بولسا ئاكىسىغا ئېچىنىپ ئۇزاق يىغلىدى. ئۇ بىچارە قىزمۇ ئامالسىز ئىدى. ئۇ ئاتا - ئانىسى ئالدىدا ئاكىسى توغرىسىدا گەپ قىلسىلا قاتتىق دەشنامغا ئۇچرايتتى. يامغۇر ياغقان كېچىلىرى ئۇ ئاكىسىدىن ئەنسىرەپ ئۇخلىيالماي تاڭ ئاتقۇزاتتى. شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇردا ئاكىسىنىڭ سوپۇن زاۋۇتىدىكى لىيۇ شۆلۈينىڭ ماگىزىنى ئالدىدىكى لەمپە ئاستىدا دۈگدىيىپ تىترەپ ئولتۇرغان قىياپىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. شۇنداق كۈنلىرى تاڭ سەھەردە ئۇ ھېچكىمگە كۆرۈنمەي باغچا ئالدىغا باراتتى - دە، ئاكىسىنىڭ بار - يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ ساق ياكى كېسەللىكىنى كۆرۈپ كېلەتتى ۋە ئۆيىدىن ئوغرىلىقچە تاماق ئېلىپ چىقىپ بېرەتتى.

پەرھاد بۇ يىلقى قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرىنى بەزىدە پار قازان ئۆيىدە ئۆتكۈزسە، بەزىدە ئاشخانىلارنىڭ ئوچاقلىرىدا ئۆتكۈزدى. نەچچە يىلدىن بېرى ئىسسىق ئۆيدە يېتىپ باقمىغان بۇ بالىنىڭ سالامەتلىكى ناچارلىشىشقا باشلىدى. قىشتا ئۇنىڭ ئۆپكىسىگە قاتتىق سوغۇق تەككەنىدى. قار - مۇزلار ئېرىپ، يەر - زېمىن كۆكىرىشكە باشلىشى بىلەن تەڭ، ھايۋاناتلار باغچىسى ئالدىدا تىجارەتچىلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. مېزىلىك كاۋاپلارنىڭ پۇرىقى بىلەن بىللە كاۋاپچىلارنىڭ خېرىدارلارنى چىللىغان ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى. پەرھاد يەنە بۇ بازاردا پەيدا بولدى. بىراق ئۇ ئىلگىرىكى يىللاردىكىدەك تېمەن، ساغلام ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشلىرىدىن ئۆپكىسىنىڭ غىژىلداۋاتقانلىقىنى ئاڭلاش مۇمكىن ئىدى. ئۇ كېسەل بولغانلىقتىن، شەخسى تازىلىقىمۇ دېگۈدەك رىئايە قىلىپ كېتەلمىدى. شۇڭا كاۋاپچىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنى ياردەمچىلىككە ئالالمىدى. ياردەمچىلىككە ئالسىمۇ ئۇنىڭدا ئىشلىگۈچىلىك مادار يوق ئىدى. ئۇ كېچىسى تىجارەتچىلەرنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىگە قاراپ بەردى. تىجارەتچىلەر ئۇنىڭ ئىشىغا ھەق

بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ قۇرۇق نان يېيىشمۇ ئاچ قالمىدى. بىراق كىيىم - كېچەككە پۇلى بولمىغاچقا، 6 - ئايغىچە قىشلىق كىيىمى بىلەن يۈردى. ئۇنىڭ كىچىك سىڭلىسى 6 - ئاينىڭ بىر كۈنى كېچىدە ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى - دە، ئاتا - ئانىسىدىن يوشۇرۇن ھالدا ئۇنىڭغا تىكتۈرگەن چاپان، كۆڭلەك، شىملارنى بەردى ۋە ئاكىسىنىڭ قولىغا يوشۇرۇن ھالدا بەش كوي پۇل تۇتقۇزۇپ قويۇپ كەتتى. ئۇ، بۇ پۇلنى ئاكىسىنىڭ مۇنچىغا بېرىپ يۇيۇنۇشىغا، چاچ - ساقاللىرىنى ئالدۇرۇشىغا بەرگەنىدى. پەرھاد مۇنچىغا بېرىپ يۈرمىدى. ئۇ، كېچىدە ئۆستەڭگە چۈشۈپ يۇيۇندى. كونا جەندە كىيىملەرنى تاشلاپ، يېڭى كىيىملەرنى كىيدى.

پەرھادنىڭ سالامەتلىكى كۈندىن - كۈنگە يامانلاشقىلى باشلىغانىدى. ئۇ ھەر كېچە سېمونت تاختاي ئۈستىدە ياتقانلىقتىن پۇت - قوللىرى ئىششىپ كەتتى. ئۇ بارا - بارا ماڭالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق زىۋىدەم ئانا پەرھادقا ناھايىتى ئىچ ئاغرىتاتتى. سەككىز بالىنى بېقىپ چوڭ قىلغان بۇ ئانا پەرھادتەك ئاتا - ئانىسىز، ئۆي - ماكانسىز قالغان يېتىم بالىنىڭ خارلىنىپ قېلىشىغا چىدىمايتتى. ئۇ، ئۆز ئۆيىدىن يوتقان - كۆرپە، كىگىز ۋە تەكىيلەنى ئېلىپ چىقىپ سېمونت تاختاي ئۈستىگە ئوبدان ئورۇن راسلاپ پەرھادنى شۇ يەردە ياتقۇزدى. زىۋىدەم ئانا ئۇنى ئۆز ئۆيىگە ئەكىرىپ باقماقچى ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئۆيى تار، جان سانى كۆپ بولغانلىقتىن ئىلاجى قىلالمىدى. پەرھادمۇ ئۇلارنى ئاۋارە قىلىپ قويۇشتىن قورقۇپ ئۆيىگە كىرىشنى رەت قىلدى. شۇنداقتىمۇ زىۋىدەم ئانا ھەر كۈنى تاماق ئېتىپ پەرھادقا ئۆزى ئېلىپ چىقىپ بەردى. راكپىزا ساتقۇچى يۈي دېجاك ئۇنىڭغا ھەر كۈنى بىر تەخسە راكپىزا بەردى. خەنزۇ پىرىكازچىك لىيۇ شۆلۈيمۇ ئۇنىڭغا چاي قاينىتىپ بېرىپ تۇردى ۋە ھاراق بەردى. ئۇنىڭ بىلەن باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە بىللە ئوقۇغان خەنزۇ ساۋاقداشلىرىمۇ ئۇنى يوقلاپ كېلىشتى. ئەمما پەرھادنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى يوقلىمىدى. ئۇلار ئۆز ئوغلىدىن نومۇس قىلىپ، 7 - يول تەرەپ بىلەن پەقەت ماڭمايدىغان بولدى. ئەمما جامائەتچىلىك، ھەر مىللەت تىجارەتچىلىرى پەرھادنى ئاچ قويمىدى.

بۇ يىل 7 - ئاي كۈنلىرى ئۈرۈمچى تارىخىدىكى ئەڭ ئىسسىق بولغان چاغلارنىڭ بىرى بولدى. كۈندۈز كۈنلىرى كوچىلار خۇمداندەك قىزىپ كەتتى. پەرھاد سېمونت تاختاي ئۈستىدە قىزىپ كېتىپ ياتالمىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا گاژىلداپ يۈرگەن چىۋىنلەرمۇ ئۇنى تىنچ ياتقۇزمىدى. زىۋىدەم ئانا ئۆز بىناسىنىڭ كارىدورىنىڭ لەمپىسى ئاستىنى تازىلاپ، سۇ سېپىپ سالقىن قىلدى - دە، بالىلىرىغا ئېيتىپ كارىۋات قويدۇرۇپ، پەرھادنى ئەكىرىپ شۇ يەردە ياتقۇزۇپ قويدى. تىجارەتچىلەر زىۋىدەم ئانىنىڭ بۇ ساخاۋەتلىك ئىشىغا ئاپىرىن ئېيتىشتى. ئەمما پەرھاد پەلەمپەي ئاستىدىكى سالقىن يەردە ئاران يىرىم كۈنلا ياتالىدى. بۇ بىنادا ئولتۇرىدىغان ئادەملەر كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ كېلىشتى. بىنانىڭ ئىشىكىدىن كىرىپلا ھەممەيلەننىڭ كۆزى كېسەل ئازابىدا ھاسىراپ ياتقان پەرھادقا چۈشتى. بەزىلەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشتى. بەزىلەر ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كېتىشتى. يەنە بەزىلەر پەرھادقا نەپرەت بىلەن قاراش-

www.uyghurkitap.com

تى ۋە: «بۇ يۇقۇملۇق كېسەلنى بىنانىڭ ئىچىگە كىم ئېلىپ كىردى، بىنا ئىچىدە كېسەل تاراپ كەتسە بىز قانداق قىلىمىز؟» دەپ چۇقان سېلىشتى. ھالسىز ياتقان پەرھاد ئۈچۈن بۇ گەپلەر ئۆلۈمدىن ئارتۇق بىلىندى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر بىر غايىبىي كۈچ پەيدا بولغاندەك بولدى - دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ بىنانىڭ سىرتىغا چىقتى. ئۇ ئون قەدەمدەك مېڭىپ تۇيۇقسىز ھوشىدىن كېتىپ قالدى - دە، قاتتىق يولغا ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. كىشىلەر ھوشسىز پەرھادنى يەنە كوچا بويىدىكى سېمونت تاختاي ئۈستىگە ئاپىرىپ ياتقۇزۇشتى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇنىڭ ئىشتىھاسى ئېخىمۇ تۇتۇلدى. 8 - ئاينىڭ كىرىشى بىلەن ھەتتا تاھارەتكىمۇ ئۆزى بارالمايدىغان بىرلۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئوتتەك قىزىتمىسى كېچە - كۈندۈزلەپ پەسلىمىدى. زىۋىدەم ئانا ئۇنىڭغا قايناق سۇغا شېكەر سېلىپ ئۇسسۇزلۇق قىلىپ بېرىپ تۇردى. پەرھاد كۈن بويى شېكەر سۈيىدىن باشقا ھېچنېمە يېمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىۋاتاتتى. زىۋىدەم ئانا ئاخشاملىرى چىقىپ ئۇنىڭ كۆڭلەك - چاپىنىنى سالدۇرۇپ، كېچىدە يۇيۇپ قۇرۇتۇپ، تاڭ سۈزۈلۈش ئالدىدا كىيىملەرنى ئېلىپ چىقىپ ئۇنى كىيىندۈرۈپ قويدى، زىۋىدەم ئانا ئۇنىڭ شىمىنى يۇيۇپ بېرىشنى سورىغان بولسىمۇ ئۇ ئۇنىمىدى. چۈنكى ئۇنىڭدا ئىچ تامبال يوق ئىدى.

بىر كۈنى كەچ زىۋىدەم ئانا پەرھاد ئۈچۈن شويلا قىلىپ ئېلىپ چىقتى. پۇتۇن شەھەر ئۇيقۇغا چۆمگەنىدى. ئەمما كوچا بويىدىكى بۇ دەرەخلىكتىن پەرھادنىڭ سۇس ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. زىۋىدەم ئانا كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى ۋە ئاشنى پەرھادقا ئىچكۈزدى. پەرھاد ئاشتىن بىرنەچچە قوشۇقلا ئىچتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بولسا ھېچنېمىنى تارتمايتتى. زىۋىدەم ئانا ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى. ئۇنىڭ قىزىتمىسىنىڭ تەپتىدىن قول كۆيەتتى. زىۋىدەم ئانا قول ياغلىقىنى يول بويىدىكى ئېرىقنىڭ سوغاق سۈيىگە چىلاپ پەرھادنىڭ چېكىسىگە يېپىپ قويدى. ئەتراپ جىمجىت ئىدى، پەقەت پەرھادنىڭ غىڭشىلداپ نەپەس ئېلىشىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. زىۋىدەم ئانا پەرھادقا قاراپ ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ سەككىز بالىسىنىڭ چوڭ بولۇش جەريانى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. بالا دېسە جان بېرىدىغان بۇ مېھرىبان ئانا ئۈچۈن بالا مېھرىدىنمۇ ئارتۇقراق ھېچنەرسە يوق ئىدى. ئۇ، پەرھادنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ مۇشۇ يەردىن يۈز مېتىر يىراقلىقتىكى بىنادا ئولتۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. پەرھادنىڭ باغچا ئالدىدىكى ئۈچ - تۆت يىللىق ھاياتىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغۇچى بۇ ئانا پەرھادنىڭ ئانىسىدا سوقۇپ تۇرغان يۈرەكنىڭ بارلىقىغا، ئىنسانلىق ھېس - تۇيغۇنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى. پەرھادنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلغان ئانىنىڭ كۆز ياشلىرى تۆكۈلدى. ئۇ پەرھادنىڭ بېشىنى سىلىدى: «بالام پەرھاد، ئەجەپ قىينىلىۋاتىسەن بالام» دېدى ئانا بوغۇلداپ يىغلاپ. پەرھادنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، ئۇ بارغانسېرى ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. «يىغلىما بالام، يىغلىما!» دەيتتى ئانا، ئەمما ئۆزىنىڭ كۆز ياشلىرى توختىماي تۆكۈلۈۋاتاتتى. ئۇ بىر قولىدا پەرھادنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتسە، بىر قولىدا ئۆزىنىڭ

كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. پەرھاد يىغلاۋاتاتتى، ئۇ يىغلايتتى. ئۇ شۇنچە يىللاردىن بېرى ئانىسىنىڭ «بالام!» دەپ چاقىرىشىغا ئېرىشەلمىگەنلىكىگە يىغلايتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ باشقا ئانىلارنىڭكىگە ئوخشاش ئىللىق چىرايىنى كۆرەلمىگەنلىكىگە يىغلايتتى. ئۇ ھېچنىمىگە كېرەككە كەلمەي تويىدىن بەتتەر بولۇپ ياتقان مانا مۇشۇنداق كۈنلەردە يات بىر ئانىنىڭ كېلىپ بېشىنى سىلاپ «بالام!» دەپ چاقىرىغانلىقىغا يىغلايتتى. ئۇنىڭغا تەشەككۈر ياشلىرىنى تۆكۈپ يىغلاتتى.

زىۋىدەم ئانا پەرھادنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. ئاندىن: «ئەتە مەن ئاتا - ئاناڭ بىلەن كۆرۈشەي، ئەھۋالىڭنى ئېيتاي. ئەگەر ئۇلار ئىنسابىغا كەلسە، ساڭا ئىگىدارچىلىق قىلار، دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتار» دېدى.

— ئاۋارە بولماڭ ئانا، — دېدى پەرھاد سۇس ۋە بوغۇق ئاۋازدا،— تېنىم ساق، قولۇمدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان چاغدا ماڭا ئىگىدارچىلىق قىلمىغان ئادەملەر ئەمدى ئىگىدارچىلىق قىلارمۇ؟ بىراق، ئانام بۇ كوچىدىن زادى ئۆتمەيۋاتىدۇ. ئانامنى كۆرمىگىنىمگە ئىككى يىل بوپتۇ. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ئانامنى بىر قېتىم كۆرۈۋالسام مەيلى ئىدى، — پەرھاد جىمىپ قالدى. بەلكىم ئۇ

ھاد ھاسىراپ نەپەس ئالاتتى، زىۋىدەم ئانا قول ياغلىقىنى ھۆل قىلىپ بىر نەچچە قېتىم پەرھادنىڭ چېكىسىگە قويدى. دەل بۇ ۋاقىتتا بولسا پەرھادنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىسسىق ئۆي، يۇمشاق يوتقاندا يېتىپ شېرىن ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتاتتى. چۈنكى ئۇلار پەرھاد دېگەن بالىسىنىڭ بارلىقىنى، شۇنداق بىر بالىنىڭ بولغانلىقىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كېتىشكەنىدى.

پەرھاد ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. شەرق ئاسمىنى ئاقىرىشقا باشلىغاندا زىۋىدەم ئانا پەرھادنىڭ يېنىدىن ئايرىلدى - دە، ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئەتىسى زىۋىدەم ئانا، تىجارەتچى بوۋاي يۈي دېجاڭ، پىركازچىك ليۇ شۆلۈي قاتارلىق ئۈچ مىللەتتىن تەركىب تاپقان مۇشۇ ئەترايتىكى ئاھالە ۋە تىجارەتچىلەر ۋەكىللىرى پەرھادنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۆيدە پەرھادنىڭ ئانىسى بار ئىدى. ۋەكىللەر پەرھادنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى، ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كىرىپ داۋالىتىشنىڭ لازىملىقىنى ئېيتىپ، پەرھادنىڭ ئانىسىغا خىزمەت ئىشلەشتى. پەرھادنىڭ ئانىسى بولسا بىرىنچىدىن، پەرھادنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ مائاشىنى بەرسە؛ ئىككىنچىدىن، پەرھادقا ئۆي بەرسە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېرى بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچى بولۇپ ۋەكىللەرنى ئۇزىتىپ قويدى. شۇ كۈنى ئۇلار پەرھادنى ئۆيگە ئەكىرمەيدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر ئەۋەتتى. بۇ گەپلەرنى پەرھاد ئاڭلىدى. ئۇ يىغلىمىدى ياكى رەنجىمىدى. پۇت - قوللىرى كۆپۈپ ئىششىپ ئوتتەك قىزىپ ياتقان پەرھاد يەنىلا سىمونت تاختاي ئۈستىدە ئۈن - تىنسىز ياتتى. زىۋىدەم ئانا كۆزىگە ياش ئېلىپ: «كۆڭلۈڭنى بۇزما بالام! ساڭا ئاتا - ئاناڭ ئىگە بولمىسا مەن ئىگە بولىمەن. ئالدى بىلەن سېنى داۋالىتايلى، ئاندىن كېيىن سېنىڭ نوپۇسىڭنى تېپىپ ئۆز نوپۇسۇمغا ئالغۇزىمەن، سەككىز بالام توققۇز بولىدۇ. سېنى ئۆزەم ئۆيلەيمەن» دېدى پەرھادقا تەسەللى بېرىپ.

پەرھاد دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن كۆپكۆك ئاسمانغا قاراپ ئۈن - تىنسىز ياتاتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى...

زىۋىدەم ئانا قاتارلىقلار مەسلىھەت قىلىشىپ، پەرھادنىڭ ئىدارىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ كۆرمەكچى بولۇشتى. خەنزۇ پىركازچىك ليۇ شۆلۆي رەڭلىك مېتاللار ئىدارىسىنىڭ قۇرۇلۇش شىركىتىگە تېلېفون بەردى. شىركەتنىڭ قوغداش بۆلۈمىدىن تۆت ئادەم كەلدى - دە، پەرھادنى كۆرۈپ: «بىز بۇ ئادەمنى تونۇمايمىز» دەپ كېتىپ قېلىشتى. ئۇلار پەرھاد بۇرۇن ئىشلىگەن 2 - قۇرۇلۇش رايونىنىڭ 3 - ئەترىتىگە تېلېفون بەردى. تېلېفوننى ئەترەت شۇجىسى ئېلىپ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن: «پەرھادنى بىز ئاللىبۇرۇنلا ئىشتىن بوشىتىۋەتكەن، ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلالمايمىز» دەپ جاۋاب بەردى. ھېيت كۈنى يېقىنلاشماقتا ئىدى. پەرھاد بىرەر ھەپتىدىن بېرى شېكەر سۈيىدىن باش-

قا ھېچقانداق نەرسە يېمەيتتى. يېسىمۇ قەي قىلىپ ياندۇراتتى. ئۇنىڭ تەپەس ئېلىشىمۇ بارغانسېرى قىيىنلاشماقتا ئىدى. زىۋىدەم ئانا كۈندە ئۇنىڭغا بېرىپ تۇرغان دورىمۇ كۆپ تەسىر قىلالمىدى. زىۋىدەم ئانىنىڭ تەشۋىشى كۈچىيىۋاتاتتى. ئۇ ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى بولۇشىغا قارىماي ئۈمىدسىز ھالدا ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى دەرەخلىقتە چۈۋىنىغا يەم بولۇپ، توپا - چاڭغا مىلىنىپ ياتقان پەرھادنىڭ يېنىغا كەلدى. پەرھادنىڭ كۆز چاناقلىرىدا چاپاق ئۆرلەپ قالغانىدى. كېسەل ئادەم ئۆلۈمگە يېقىنلاشقاندا كۆزى چاپاقداپ قالىدىغانلىقىنى كۆپ كۆرگەن زىۋىدەم ئانا پەرھادنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى. ئۇ باغچا ئالدىدىكى تىجارەتچىلەر بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ، كۆپچىلىك ئۆزلىرى پۇل يىغىش قىلىپ پەرھادنى دوختۇرخانىغا ئاپارماقچى بولۇشتى. كاۋاپچىلار، باققاللار، سامسىپەزلەر... ئىختىيار قىلغۇچىلار ئاز - تولىدىن پۇل تاشلىدى. بىر پەستە يىگىرمە نەچچە كوي پۇل يىغىلدى. قالغان پۇلنى زىۋىدەم ئانا ئۆزى چىقىرىپ پەرھادنى دوختۇرخانىغا ئاپارماقچى بولدى. دەل شۇ سائەتتە زىۋىدەم ئانىنىڭ تۇرپاندىكى يېقىن تۇغقىنىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر كەلدى. ئۇ، پەرھادنىڭ ئىشىنى باللىرى ۋە جامائەتچىلىككە تاپشۇرۇپ، ئۆلۈم پەتىسى ئۈچۈن تۇرپانغا كېتىپ قالدى. ئۇ، پەرھاد بىلەن يىغلاپ خوشلاشقانىدى.

جامائەتچىلىك پەرھادنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا ئالدىراشتى. بىراق، پەرھاد دوختۇرخانىغا بېرىشنى رەت قىلدى. ئۇ: «مەن بەرىبىر ئۆلۈپ كېتىمەن. مېنى تىنچ ياتقىلى

قويۇڭلار، مېنى قوزغىماڭلار» دەپ كۆپچىلىككە يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىدىن نومۇس قىلىپ يۈرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق سۆرىلىپ يۈرۈشى ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن تۈگىمىگۈسىز بىر كۆڭۈل غەشلىكى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جامائەت ئالدىدىكى خۇدۇكچىلىكىنى يوق قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ ئۆلۈشنى خالايتتى. ئۇ دوختۇرخانىغا بېرىشنى قەتئىي رەت قىلدى. شۇ كۈنى كېچىسى سىڭلىسى ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى ۋە ئاكىسىنى قۇچاقلاپ يىغلىدى. پەرھاد سىڭلىسىغا تەسەللى بەردى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇ: «ئانامنى يىراقتىن بولسىمۇ بىر قېتىم كۆرۈۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق ئىدى» دېدى. ھەقىقەتەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى، ئانىسىنى شۇنچە كۆرگۈسى كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلالمىغانلىقى توغرىسىدا كەچۈرۈم سوراشنى ئارمان قىلاتتى. ئۇنىڭ سىڭلىسى كۆز يېشى قىلىپ، تۈن قاراڭغۇلۇقىدا پەرھاد ياتقان بۇ يول بويىدىن كېتىپ قالدى. پەرھاد كېچىچە ئانىسىنى خىيال قىلىپ چىقتى. ئۇ، كىچىك ۋاقىتلىرىدا ئانىسىنىڭ ئەركىلەتكەنلىرىنى، مەڭزىگە سۆيگەنلىرىنى، قۇچىقىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭغانلىقلىرىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، ئانىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئانىلىق مېھرىگە تولغان ئىللىق چىرايى، مېھرىبان كۆزلىرى ئەكس ئەتتى. ئۇ، خىيالىدا ئۆزىنىڭ 4 ـ 5 ياشلىق ۋاقتىغا قايتـ

تى. ئانا ئۇنى ئەركىلىتىپ سۆيدى. ئۇ، ئانىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى... پەرھاد شۇ خىياللارنى قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ يىل كىرگەندىن بېرى كۈلكە كۆرمىگەن چىرايىدا سۇس تەبەسسۇم پەيدا بولدى. بىر پەستىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم ئۆچتى. ئۇنىڭ خىيالى بۆلۈنگەنىدى. ئۇ ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى. ئۇ ئۆمرىدە ئانىسىنى خۇشال قىلغۇدەك تۈزۈكرەك بىرەر ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ياندا ئۆز تاۋۇزلىرىنى ساقلاپ ياتقان تاۋۇزچى پەرھادنىڭ «ئانا! ئانا!» دەپ سۇس ئىڭرىشىنى ئاڭلاپ، ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، پەرھادنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ: «پەرھاد، مەن ئاناڭنى چاقىرتىپ كېلەيمۇ؟» دەپ سورىدى. پەرھاد بېشىنى چايقىدى. ئۇ كۆڭلىدە بۈگۈن كېچە ئانىسى چوقۇم ئۇنى يوقلاپ كېلىپ قالىدىغاندەك سېزەتتى. ئۇ، «شىپىر» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەنلا بېشىنى ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇراپ قارىدى. بىراق، ئانىسى كەلمىدى. ئۇ كېچىنى تەقەززالىق بىلەن ئۆتكۈزدى. ئانىسى بولسا كەلمىدى. تاڭ سۈزۈلدى، پەرھادنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلدى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

1986 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قۇربان ھېيتنىڭ هارپا كۈنى ئىدى. ھەممە ئادەم، ھەممە ئائىلە ھېيت تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش ئىدى. بۇ كۈنى پەرھادنىڭ بىر نەچچە دوستلىرى ئۇنى يوقلاپ كەلدى. پەرھاد ئۇلارنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ: «مەندىن رازى بولۇڭلار» دەپ ئۇلار بىلەن ۋىدالاشتى. ئۇنىڭ دوستلىرى ھېيت هارپىسىدا پەر-

www.uyghurkitap.com

رەك، دەپ ئويلاشتى. ئۇ، شۇ كۈنى راكېپىزا
سېتىۋاتقان خۇيزۇ بوۋاي يېۋىدىجاكىغا ئىشا-
رەت قىلدى. يېۋىدىجاك ئۇنىڭ يېنىغا كەل-
دى. پەرھاد جامائەت يىغىش قىلىپ بەرگەن
يىگىرمە نەچچە يۈەن پۇلنى يانچۇقىدىن ئې-
لىپ: «مەن بۇ يىل سىزگە 32 يۈەنگە قەرز-
دار بولدۇم. ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.
ئاز بولسىمۇ بۇ پۇلنى ئېلىڭ، پۇلنىڭ قېپقال-
غان قىسمىغا رازى بولارسىزمۇ؟» دېدى - دە،
قولىدىكى پۇلنى يېۋى بوۋايغا تۇتقۇزدى. يېۋى
بوۋاي كۆزىگە ياش ئېلىپ: «مەن كوچىدا
ئۇنتۇپ كېتىپ قالغان 400 يۈەن پۇلنى تې-
پىپ ماڭا ئاپىرىپ بەرگەن
ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇمايمەن. پۇلىڭىز ئۆزدە-
ڭىزدە تۇرسۇن. 32 يۈەن پۇل ئۈچۈن مەن
رازى» دېدى ۋە پەرھاد بەرگەن پۇلنى
يەنە ئۇنىڭ تۆش يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.
پەرھاد ماگىزىنچى ليۇشۆلۈيگە ئىشارەت قىل-
دى. ليۇشۆلۈي پەرھادنىڭ يېنىغا كەلدي.
پەرھات: «مەن سىزدىن هاراق ئىچتىم، يەي-
دىغان نەرسە ئالدىم. ھەندە 20 يۈەندىن
ئارتۇق پۇلىڭىز بار. مانا بۇ پۇلنى ئېلىڭ!»
دەپ، يېۋى بوۋاي ئالغىلى ئۇنىمىغان پۇلنى
لاۋليۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ليۇ پىركازچىك:
«مەن سىز ئىچكەن هاراقلارنى، يېگەن نەر-
سىلەرنى سىزگە ھەقسىز بەردىم. مېنىڭ سىز-
دە پۇلۇم يوق» دەپ پەرھادتىن پۇلنى ئال-
مىدى. پەرھاد شۇ كۈنى كۆپ ئادەملەر بى-
لەن ۋىدالاشتى...

كەچ كىردى، هارپا ئاخشىمى ئۆي - ئۆي-
لەر خۇشاللىق كەيپىياتىغا چۆمگەنىدى. بىر
قىسىم كىنو - تىياتىرخانىلاردا ھېيتنى تەبرىك-
لەپ ئويۇن قويۇلۇۋاتقان بولسا، بىر قىسىم
ياشلار سورۇندا جۇشقۇن مۇزىكا ساداسى ئى-
چىدە تانسا قىزىتىۋاتاتتى. بىر قىسىم مۇناسى-
ۋەتلىك ئورگانلاردا بولسا زىياپەت بولۇۋا-
تاتتى، رومكا ئۇرۇشتۇرۇلۇۋاتاتتى. بىر مۇنچە
ئائىلىلەر مەخسۇس قۇربان ھېيتقا ئاتاپ تې-
لېۋىزوردا بېرىلگەن ناخشا - مۇزىكىلاردىن
لەززەت ئېلىۋاتاتتى. ھەممە ئائىلىلەر يىراق-
يېقىندىكى بالا - چاقىلىرى، ئۇرۇق - تۇغ-
قانلىرى بىلەن جەم بولۇشقانىدى. ھەتتا
خېلى بىر قىسىم ئائىلىلەرنىڭ چەت ئەلدىكى
تۇغقانلىرى قۇربان ھېيتقا ئۈلگۈرۈپ كېلىش-
كەنىدى. ھەممە ئائىلىلەردە خۇشاللىق
تەنتەنە قىلماقتا ئىدى. جۈملىدىن پەرھادنىڭ
ئاتا - ئانىسىمۇ ھېيت پەيزىگە چۆمگەنىدى.
ئانا بولسا ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىدىكىلەرنىڭ
يېڭى كىيىملىرىگە دەزمال سېلىۋاتاتتى. ئۈس-
تەل ئۈستىدە بولسا ئەتە ھېيت ئۈچۈن تەي-
يارلىغان ساڭزا، ھەر خىل پىرەنىك، نازۇ -
نېمەتلەر تىزىپ قويۇلغانىدى. ئەتە قۇر-
بانلىق ئۈچۈن سويىدىغان قوي بالكوندا باغ-
لاقلىق ئىدى. چىرايلىق بېزەلگەن بۇ ئۆي غەم-
دىن يىراق ئىدى. مۇشۇ سائەتتە ئۆزلىرىدىن يۈز
مېتىردەك نېرىدا تويىغا مىلىنىپ، جان تالىشىۋاتقان
بىر ئىنساننىڭ يەنى شۇ ھالغا كېلىپ قېلىشى-
غا ئۆزلىرى سەۋەبچى بولغان بىردىنبىر ئوغ-
لىنىڭ بارلىقى ئۇلارنىڭ ئېسىدە يوق ئىدى.

پەرھاد سېمونت تاختاي ئۈستىدە گاھ
ھوشىدىن كېتىپ، گاھ ھوشىغا كېلىپ ياتاتتى.
ئۇ ئاغرىق ئازابىدا بىر تولغاندى - دە،
سېمونت تاختاي ئۈستىدىن يەرگە چۈشۈپ
كەتتى، ئۇ يەنە ھوشىدىن كەتتى، خېلىدىن
كېيىن ھوشىغا كەلدى. ئۇ نېمىدىندۇر قاتتىق
قورقۇۋاتاتتى. ئۇ پەقەت «ئانا! ئانا!...»
دەپ سۇس ئىڭرايتتى. ئۇ سېمونت تاختاي
ئۈستىگە چىقىپ يېتىش ئۈچۈن مىدىرلاپ
باقتى، ئەمما ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۇ
«ئانا! ئانا!..» دەپ ئىڭرايتتى.

1986 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى
تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن ھېيت نامىزى ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىككى ھېكايە

مۇھەممەد تۇرسۇن ئېلى

## كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە

ئۇنىڭ «تازىلىق ئىشچىسىغا مەدھىيە» دېگەن ھېلىقى شېئىرىنىڭ ئاپتورى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم.

تانسا جەريانىدا ئۇ مېنى ھەشەمەتلىك ۋە دەبدەبىلىك سۆزلىرى بىلەن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى.

— مەن گېزىتخانىدا ئىشلەيمەن، بېرىپ تۇرۇڭ، — دېدى ئۇ ئايرىلىش ئالدىدا.

— مەن «غالىبىيەت» خەلق دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيمەن، سىزمۇ بېرىپ تۇرارسىز، — مەنمۇ ئۆز ئادرېسىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم.

ئۇ، يانچۇقىدىن دەرھاللا قەغەز - قەلەم چىقىرىپ ئادرېسىمنى يېزىۋالدى.

— خەير ئەمسە، دوختۇر خانىم. كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭ! — ئۇ شوخلۇق بىلەن قولۇمنى چىڭ سىقتى.

— ياق، سىز ئاداشتىڭىز. مەن دوختۇر ئەمەس، دوختۇرخانىنىڭ تازىلىق ئىشچىسىمەن، — مەن ئالدىراپ چۈشەندۈردۈم.

— ھە، نېمە؟! — ئۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە ماڭا تىكىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ چىرايىدا بايىقى خۇش تەبەسسۇمدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغان بولۇپ، قولىدىكى ئادرېس يېزىلغان قەغەز لەيلىگىنىچە ئۇچۇپ يەرگە چۈشۈۋاتاتتى.

## قوغۇنگۈلى

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن، ساۋۇتوپنىڭ ئىدارە باشلىقى بولغانلىقى ئېلان قىلىنغانىدى. بۇنى ئاڭلىغان بۆلۈم باشلىقى ئابىلا كەچتىلا ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر تەشتەك قوغۇنگۈلى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى:

— ساجۇيجاڭ، مەن بۇنى سىلىگە ئاتاپ ئۆستۈرگەنىدىم. ئاڭلىسام سىلى قوغۇنگۈلىنى قەۋەت ياخشى كۆرىدىكەنلا.

— شۇنداق، — دېدى ساۋۇتوپ ئۇنىڭغا تاماكا سۇنۇۋېتىپ، — مەن قوغۇنگۈلى ھەققىدە بىر پارچە نەسىرمۇ يېزىپ باققان تېخى!

— ئۇنى ناھايىتى ياخشى يېزىپتىكەنلا، — دېدى ئۇ يانچۇقىدىن بىر پارچە گېزىتنى چىقىرىپ، — مەن بۇنى يېنىمدىن ھەمىشە ئايرىماي يۈرۈپ، بوش ۋاقىت تاپسىلا ئوقۇپ سۇدەك يادقا ئېلىۋالغانىدىم...

— قارىغاندا سىزنىڭ ئەدەبىياتتىن خېلى خەۋىرىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق. مېنىڭ تېخى ئىدارىمىزدىكى قايسى باشلىقنىڭ قايسى خىلدىكى گۈلنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىنمۇ خېلى ئوبدانلا خەۋىرىم بار. مەسىلەن تېچى قادىركام پانۇس گۈلىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئە شۇجى ئەتىرگۈلنى، باجۇيجاڭ قوغۇنگۈلىنى ياخشى كۆرەتتى، مانا سىلىمۇ قوغۇنگۈلىنى ياخشى كۆرىدىكەنلا...

ئەتىسى ئەتىگەندە شېرىن خىياللىرىنىڭ لەززىتىدىن مەس بولغان ئابلا، ئىدارە دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى ۋە دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقان يۇمۇلاق گۈللۈك ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ ئاخشام ساۋۇتوپقا تەقدىم قىلغان قوغۇنگۈلى گۈللۈكتىن ئورۇن ئالغانىدى...




## 13 - باب

قەبرىدىن كېلىۋاتقان ئاۋاز ئىنتايىن زەئىپ، سۆزىنىڭ ئاھاڭى، تەلەپپۇزى تولىمۇ غەلىتە، چۈشىنىكسىز ۋە يات ئىدى.

قەبرە ئىچىدىكىلەر ھازىرقى زامان ئادەملىرى چۈشەنمەيدىغان بىر خىل تىل ۋە ئاھاڭدا سۆزلىشىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ تىلىنى گاھ ئەرەب تىلىغا، گاھ تۈرك تىلىغا، گاھ قەدىمىي ئۇيغۇر تىلىغا، گاھ پارس تىلىغا، گاھ خاقانىيە تىلىغا، گاھ چىغاتاي تىلىغا ئوخشىتىپ باقتىم. بۇ تىللار بىر تۇرۇپ ئاشۇ تىللارغا يېقىنلاشقاندەك قىلاتتى، لېكىن يەنە ئوخشىماي قالاتتى. مېنى مۇشۇ تىللارنىڭ تېگىگە يېتىپ بېقىش ئىشتىياقى ئالدىرىتىۋەتتى. مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۇلارنىڭ سۆزىنى چۈشىنىشكە تىرىشتىم. بۇ تىللار مەن بىلىدىغان

لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنى ئۆزەم چۈشىنىدىغان بىر گىراممatikىلىق شەكىلگە كىرگۈزدۈم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنىڭ مەزمۇنىنى مۇنۇ تەرىزدە چۈشىنىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم:

— مېنىڭ نامۇ - شەرىپىمنى سورايدىغان بولساڭ، — دەۋاتاتتى بىرسى خۇددى لاتا يىرتقاندا چىقىدىغان ئاۋازغا ئوخشاش «جارت - جۇرت» ئاۋازدا ئالدىرىماي، — سەئىدى جالالىدىن باغدادى (سەئىدى جالالىدىن باغدادى — ئىراقلىق بولۇپ، قاراخانىلار سۇلالىسىگە كىرگۈزۈلگەن سوپى) دېگەن زات ئولىمەن، ئىراقلىق جۈنەيدىل باغدادى (جۈنەيدىل باغدادى — ئىراقلىق. سوپىزمچىلىق ئېقىمىنىڭ سەردارلىرىدىن بىرى) نىڭ ساداقەتمەن مۇرىدمۇخلىسى ئولىمەن. ئالاھەزەل 900 يىل مۇقەددەم مۇشۇ يات ئەلنىڭ تۇپرىقىغا دەپنە قىلىنىغانمەن. بۈگۈن بۇ قەدىمىي قەب-

لىكى، تەرەققىياتى، ھاكىد-
ۋە مۇستەھكەملىنىشى ئۇۋ-
.ئاپەت ئىلىپ كېلىدۇ» دەپ
زلىرىمگە تۇكۇردى، ساقال-
دى ... ئۇلارنىڭ قارىشىچە،
يانى، بىر قولدا بۇ دۇنيانى
ش ۋە «ئىككىنچى قول، ئىك-
ياغا قارىتىۋېلىش ساپ ئى-
ن ... ۋەھاكازا!!

بۇ بازار تاپالماي قوغلىنىپ
مۇشۇ مازاردا خۇددى ھەي-

قايىلمەن ... لېكىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلار-
نىڭ خۇددى مەن قالغان كۈنگە قالىدىغانلى-
قىنى ھازىر كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن. بۇ خەلق
ئاسان ئالدىغىلى بولىدىغان گۆل خەلق، لېكىن
ئالدانغىنىنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، قىلچە
رەھىم - شەپقەت قىلمايدىغان تەلۋە خەلق
ئەمەسمۇ؟! قىھ ... قىھ ... قىھ...

سەئىدى جالالىدىن باغدادى ھالسىزغىنە
«قىھ - قىھ» لاپ كۈلدى.

— مېنىڭ نامۇ - ئەمالىم، — دېدى يە-
نە بىرسى خۇددى ئىنتايىن كونىراپ كەتكەن

www.uyghurkitap.com

دەۋرداش بولۇپ، ئۇمۇ قاراخانىلار سۇلالە-
سىگە سوپىزم چۈشەنچىسىنى تارقىتىشقا كەل-
گەن. ئاتۇشتا ۋاپات بولغان. شائىر ئابدۇرې-
ھىم نىزارىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئاتۇش ناھىيىسى-
نىڭ قايراق يېزىسىدا ئۇنىڭ مازىرى بار.)
مەنمۇ ئىراقلىق بولۇپ، سەن بىلەن دەۋر-
داش قىسمەتداشدۇرمەن. بۈگۈن بۇ قەدىمىي
قەبرىستان ئاسمىنىنى تىترىتىپ لەرزىگە كەل-
تۈرۈۋاتقان مۇناجاتىنىڭ تونۇش ساداسى مې-
نىڭ چىرىپ قىغ بولغان، نە قىغكى ئۇۋۇلۇپ
توپا بولغان جىسمىغا جان بەردى. ئەينى
چاغدا مېنىڭ بۇ تۇپراققا كەلمىشىم، مەقسەت،
مۇددىئايىم ۋە بۇ يولدا تارتقان كۈلپەت -
رىيازەتلىرىم سېنىڭكى بىلەن قوشكېزەك ...
ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام مەملىكەتلىرىدە «ئەھل
قال» ۋە «ئەھل ھال» دېيىلگەن ئىككى
گۇرۇھ شەكىللىنىپ، ئۆزئارا كەسكىن كۈرەش-
لەرنى باشتىن كەچۈردى. مەن ئىراندا
«ئەھل ھال» تەرەپدارى ئىدىم. شۇ ۋەجىدىن
تارتمىغان ئازابىم قالمىدى. ئاخىرى، يەنى
922 - يىلى ئىران دارىل قازا
بىزنىڭ پېشىۋا — سەردارىمىز ھۈسەيىن
ئىبنى مەنسۇر ھەللاجىنى (ئىراندىكى سوپىزم-
نىڭ ئەكسىيەتچى سەردارى) دارغا ئاسقاندىن
كېيىن، بىزنىڭ توپىمىز پىتىراپ «قاچ -
قاچ» بولۇپ كەتتى. مەن ئۇ قانلىق باستۇ-
رۇشتىن قېچىپ، مىڭبىر بالادا بۇ ئەلگە كېلى-
ۋالدىم. دەسلەپكى بىر مەزگىل تىنچ يۈردۈم.
كېيىن بۇ ئەلنىڭ ئادەملىرىنىڭ كۆڭلىكىگە
قاراپ بىر قۇترىغۇم كەلدى - دە، ئەتراپىم-
غا بىر توپ ئادەم توپلاپ «ئەھل ھال» باي-
رىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتىم - دە، ئەل ئىچىگە
تەرىقەتچىلىك تىكىنىنى چاچتىم. بىر قىسىم
ئادەملەر دەسلەپتە ماڭا ئەگىشىپ، ئىش -
ئۇۋقەت، بالىشۋاقلىرىنى تاشلاپ مەن تەرەپ
بولۇپ، بۇ يەردىكى «ئەھل قال» تەرەپدار-
لىرى بىلەن بولغان قانلىق توقۇنۇشلارغا قات-
ناشتى. بىزنىڭ سەۋەبىمىز بىلەن ئەل ئىچى-
دە قان تۆكۈلدى. دۆلەت، ئائىلە، جەمئىيەت
ۋەيرانلىققا يۈزلەندى. بۇنىڭدىن غەزەپكە
كەلگەن «ئەھل قال» ۋە ئۇنى قوللايدىغان
ھەممە - بىزنىڭ ئىسلام ئەھكاملىرىغا قارشى
يول تۇتقان مىللەت ۋە دۆلەتنى يوقىلىش
يولىغا باشلايدىغان تەرىقەتچىلىك سوپىلىق
رەڭۋازلىقىمىزنىڭ تېگىنى بىلىپ قالغان ئاۋام
خەلق قوزغىلىپ كېتىپ مېنى ۋە مېنىڭ ئەگ-
گەشكۈچىلىرىمنى كۆلدەك توزىتىۋەتتى.

مەن ئەلەمدىن ئۆرتىنىپ نادامەت ئىچىدە
جان بەردىم. ئەينى چاغلاردا ئۇلارنىڭ قار-
شىچە «ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، شەيئىلەرنىڭ يې-
گىلىنىشى مۇقەررەر ھادىسە. ئادەم ئۈچۈن
ئېيتقاندا مال - بايلىق، دۇنيا - دەپىنە،
راھەت - پاراغەت، بەخت - سائادەتلەر
مەڭگۈلۈك بولالمايدۇ. «ئاقىۋەت» بىر قانۇن،
ئۇ ئاللانىڭ ئىلكىدە. ھالال ئەمگەك بەن-
دىنى ئاللاغا يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئادەم شەخسىي
مەنپەئەت، ئاچكۆزلۈك، دۇنياغا ھېرىسلىق،
پايدا - مەنپەئەتنىڭ كويىغا كىرىش ۋە يار-
لىق ھاۋايى - ھەۋەس، بۇزۇقلۇقلارغا بېرى-
لىش ... قاتارلىقلاردىن ئۆزىنى قاتتىق چەك-
لەپ، ھالال ئەمگەك قىلىپ پاك ياشاش،
بىلىم - ھۈنەرگە ئىشتىياق باغلاش، ئۆلۈمنى
ھەر دائىم ياد ئېتىپ، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ
پەرىز - قەرزلىرىنى ئادا قىلىش ...» لا
ھەقىقىي مۇسۇلمانچىلىق ئىكەن. بۇ خىل ئەخ-
لاق ئۆلچىمى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن
ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، بىز سۈرۈپ - توقاي
قىلىنغان ئىدۇق. يېتىم قېلىپ زاۋاللىققا يۈز-

لەنگەندۇق. لېكىن مەن ئۆلۈپ 900 يىلدىن كېيىن بۇ ئەلدە ھەقىقىي مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى بۇزۇلۇنۇپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ سوپى - ئىشانلارنىڭ تەساۋۋۇپچىلىق بوس - تۇمانىدا زەھەرلىنىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئىلىم ئىگىلەپ، ھۈنەر - تېخنىكا ئۆگىنىپ، ئاللا ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان چەكسىز ئەقىل - پاراسەتنى باشقا مىللەتلەردەك جارىي قىلدۇرۇپ، ئۆز مىللىتىنى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ، ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشنى نىيەت قىلماي، تارىختا شۇنچىلىك شانۇ - شاۋكەت ياراتقان مىللەتنىڭ ئەمدىلىكتە جەمئىيەت، تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەسىدە سۆرۈلۈپ قېلىپ، ھەممە سەپتىن چېكىنىپ چىقىپ، ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى ھەمدە ئۇنىڭ تەلەپلىرىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ، ئاللا بەخش قىلغان ياشاشنىڭ خاسىيىتىنى قەدىرلىمەيۋاتقانلىقىغا ھەم ھەيرانمەن، ھەم ئېچىنىمەن. مەن ئەينى ۋاقىتتا تەرغىب قىلغان تەرىقەتچىلىكنىڭ، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ، تەركىي دۇنيالىق يولىغا مېڭىشنىڭ تولىمۇ گۇناھلىق ئىكەنلىكىنى بىلمىگىنىمگە ھەيرانمەن ... مەن تەرغىب قىلغان ئاشۇ نەرسىلەر ئۆزىگە چېپىلىپ قالغان ھەر قانداق ئادەمنى، شۇ يولغا ماڭغان ھەرقانداق مىللەتنى زەئىپلەشتۈرىدىغان چىركىن بوس ئەمەسمۇ؟

جەمئىيەت ۋە خەلقتىن ئايرىلىپ، تەنھا نوقۇل ئىبادەت بىلەن تەڭرىگە يەتكىلى بولمايدىغانلىقتىن ئىبارەت ئوتتۇرا ئەسىر خەلقىمۇ چۈشىنىپ يەتكەن ئىسلام چۈشەنچىلىرىنى مۇشۇ ئادەملەرنىڭ 21 — ئەسىرگە قەدەم قويۇۋاتقان شۇ كۈنلەردىمۇ چۈشىنىپ يېتەلمەيۋاتقانلىقى تولىمۇ بىچارىلىك ئەمەسمۇ؟

سەلچۇقلار، غەزنەۋىلەر، خارەزىم شاھلارنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىشى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادا 180 يىل ھۆكۈم سۈرگەن تۆمۈرلەرنىڭ يوقىلىشى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چىققان ئۇلۇغبەگدەك ئىلىم - مەرىپەت ھامىيلىرىنىڭ سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشى، شەيخ ئەخمەدتەك تەساۋۋۇپچى سوپىلارنىڭ قانلىق قولى بىلەن بولغانلىقىنى، 170 يىل ھۆكۈم سۈرگەن سەئىدىيە يەركەن خانلىقىنىڭ خوجا ئەخمەد كاسانىنىڭ ئەۋلادى بولغان تەساۋۋۇپچى خوجا ئاپئاق تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە تۇتۇپ بېرىلگەنلىكىدەك قانلىق تارىخنى بۇلار بىلمەمدىكىن؟ مەن گۆر ئىچىدە يېتىپ بۇ قانلىق تارىخنى كۆردۇمغۇ؟

شەيخ ھەببىي ئەجەم دېگىنى ھاسراپ قالدى بولغاي، بىر دەم ھاسىراپ - ھۆمىدەپ دېمىنى ئالغاندەك بولدى، بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سەن بايا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ھېلىقى ئۈچ كۆلەڭگە ئەسلىدە مۇسۇلمان تونىغا ئورىنىۋالغان مۇرتەدلەر بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى بولغان ھېلىقى باخشى ساماۋى دىنلاردىن شامان دىنىنىڭ 21 — ئەسىر ھارپىسىدا سۆرۈلۈپ يۈرگەن ئەرۋاھى، ئاۋۇ ئۆزىنى «ھېزىم موللا» دەپ ئاتىۋالغىنى ئىسلام دىنىنى نىقاپ، ساقىلى بىلەن سەللىسىنى دەسمىي قىلىپ، ئاۋام خەلقنى ئالداپ يۈرگەن دىنسىزدۇر. ھېلىقى ئىمام دېيىلگىنى بولسا، گەرچە مۇسۇلمان بولسىمۇ، نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، ئېتىقادىدىن ۋاز كەچكەن، ئەسلىدىلا ئىمانى تولىمۇ سۇس بولغاچ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانچىلىقىنى قويىنىڭ بىرەر ئارقاسانىغا ھېچ ئىككىلەنمەي ئايرىۋاشلاۋېرىدىغان

دىن سودىگىرى!

ئەينى ۋاقىتتا بۇنداق دىن ئاسىيلىرى ۋە دەۋر خەشەكلىرىنى بىز جىنىمىزدا ئەدىناسى ئايغاقچىلىق، ئابدالچىلىقتا سىلىشتىنمۇ تۇيې-لاتتۇققۇ؟

بۇ ئەلدىكى مۆمىنلەر ئىلىم - سائادەت-تە ساۋاتسىز بولۇپلا قالماي، ھەقىقىي ئىسلام ئەھكاملىرىدىمۇ ساۋاتسىز بولغاچقا، ئاشۇنداق دىن دۈشمەنلىرىنىڭ، دەۋر كۆشەندىلىرىنىڭ قاپقىنىغا دەسسەپ، ئۆزىنى خورلاپ يۈرۈشكى-نىنىمۇ بىلمەي يۈرگىنى كۆلكە ئەمەس-مۇ بىلسەڭ؟!

شەيخ ھەببى ئەجەم ئېغىر بىر تىنىدى-دە، سۆزىنى توختاتتى. قەبرىنىڭ ئىچى بىر-دىنلا جىمىپ كەتتى. ئۇلار يەنە ئەسىر ئۇيقۇسىغا غەرق بولغانىدى.

## 14 - باب

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئەتراپتا بىر شاۋقۇن ئاڭلانماقتا ئىدى. مەن شۇ تەرەپكە قاراپ يولۇمنى داۋام قىلدىم. مەن ھېلىقى قەبرىلەردىن ئانچە ئۇزىمايلا ئالدى تەرىپىمدىن كېلىۋاتقان مۇناجات ئاھاڭىنى ئاڭلىدىم - دە، قەدىمىمنى ئاستىلىتىپ، مۇناجات ئاۋازى كېلى-ۋاتقان تەرەپكە ئېھتىيات بىلەن يېقىنلاشتىم. ئۇ يەردە قاپاق مەشئەللەر لاۋۇلداپ - يېلىن-جاپ تۇرۇپتۇ. مەن بىر قېرى جىگدىنىڭ دال-لى. كەڭرى مەيدانىنىڭ چۆرىسىگە ۋە چەپراس بولۇپ ئولتۇرغان جامائەت سورۇنىغا يۈزلىگەن قاپاق مەشئەللەر يېقىلغانىدى. ئەتراپتىكى قەب-رىلەر ھەمدە ھېلىقى ئۈچ ئادەم ئولتۇرغان قەب-رىنىڭ چۆرىسىگە مىخلاپ نوكچىلار قادالغانىدى. مەشئەل ۋە نوكچىدىن كۆتۈرۈلگەن يالقۇن ۋە ئىس دەستىدىن قەبرىستانلىقنىڭ ھاۋاسى دۇت-لىنىپ، كۆكۈش ئىس تۇمانى كونا گۈمبەز - قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرەتتى. جىگ-دىلىكنى ئارىلاپ كېتىۋاتقان ئىزغىرىن شامال تاڭ ئالدىدىكى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە لاۋۇلداپ - يېلىنجاپ تۇرغان مەشئەل ۋە نوك-چا يالقۇنلىرىنى گاھ ئۇلغايتىپ، گاھ ھەر تە-رەپكە لەپىشتىپ ئۇراتتى. بۇ سورۇندىكى ئاق كىيىملىك ئادەملەر، ئىڭاڭلاپ، لوغۇلداپ تۇر-غان يالقۇن شولىسىدا گاھ ئۇزىراپ، گاھ قىس-قىراپ، ھەر خىل غەيرى شەكىلگە كىرىپ قا-لاتتى. كىچىك دۆڭلۈكتىكى قەبرە سۇپىسىدا يۈ-كۈنۈپ ئولتۇرغان ئۈچ ئادەمنىڭ بىرى مۇنا-جاتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئالقانلىرىنى ئېچىپ دۇ-ئاغا قول كۆتەردى ۋە ئۈنلۈك ئاۋازدا خىتاپ قىلدى:

— مۇسۇلمانلار، بىزنىڭ ئۇلۇغلىرىمىز، مۇقەددەس باشچى - سەردارلىرىمىز ئەبۇ ھاشىم (كوپىلىق)، ئەبۇ يېزىد تەيخۇر ئەل بەستەمى (ئىرانلىق)، ھۈسەينى ئىبنى مەنسۇر ھەللاجى، شەيخ ئەھمەد، ھەزرىتى ئاپئاق خوجىنىڭ رو-

ن ساۋۇت - دۇبۇلغىلار، پۇ
ى قورالاندۇرۇشقا يەتكۈدەك
نەيزە - قىلىچ، ئوقيا - قال
شىپ ياتاتتى.
ادەمنىڭ ئېتەكلىرى پۇل -
ىر قانچە مەرتىۋە توشۇپ
خانىقا ئالدىدا نالە - پەر
رغان، قېرى - ئاجىز، يې
پۇچۇق تىيىن بېرىشكە قىي
ھېلىقى ئادەمگە ئۆزىنىڭ

بۇ ئۈچ ئىچىدە بۇ بەك كېرەكلىك ئېرۇر.

مەن مۇناجاتقا سېلىنغان بۇ تېكىستنى نەدىدۇر بىر يەردە ئاڭلىغاندەك قىلىۋىدىم. مەن تىت - تىت بولۇپ ئارقامغا بەش مېتىرچە شوخشۇپ بېرىپ، ھېلىقى قېرى جىگدىنىڭ غولىغا «قارس» قىلىپ بېرىنى ئۇستۇم. شۇ ھامان دىلىم ئېچىلىپ خاتىرەم روشەنلەشتى.

بۇ ئەسلىدە «قۇتادغۇ بىلىگ» تە بايان قىلىنغان شەيخ، دەرۋىش،

ـمەستىن

ـسپ دۇ-

چۇقان-

ـسالدى.

ـان يۇ-

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇنلا ئۆزىنىڭ ئەسلى مىللەت تىلى كاتىگو-
رىيىسىدىن ھالقىپ، ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ
شەرئىسى (دىنىي تىل) سۈپىتىدە تەسىر قىـ
لاتتى.

## 15 - باب

بىر چاغدا ھېلىقى باخشى ئورنىدىن ئۇش-
تۇمتۇت سەكرەپ تۇرۇپ، قەبرىنىڭ ئارقا تە-
رىپىدىكى قويۇق جىگدىلىككە قاراپ قولىنى
پۇلاڭلىتىپ بىر ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇچىسىغا
قارا چاپان كىيىپ، يۈزلىرىنى قارا لاتا بىلەن
نىقابلىۋالغان بىر توپ ئادەم جىگدىلىك ئارى-
سىدىن چۇقان - سۈرەن بىلەن ئېتىلىپ چىـ
قىپ كەلدى - دە، قەبرىنىڭ ئالدىدا ھېزىم
موللىغا سېغىنىپ ئولتۇرغان ئاق كىيىملىك ئادەمـ
لەرگە غەزەپ بىلەن تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن
دەھشەتلىك ئۇر - يىقىتىش باشلىنىپ كەتتى.
جەھلى قاتقان ئادەملەر خۇددى غەزەپكە كەل-
گەن ھايۋاندەك بىر - بىرىنىڭ يۈزلىرىگە
چاڭ سېلىپ، ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى تارملاپ
كانايلىرىدىن بوغۇشۇپ، توغرا كەلگەن يەر-
لىرىنى چىشلىشىپ ئۆزۈپ ئېلىشاتتى. يىقىلـ
غانلىرىنى قەھرى بىلەن تېپىپ - چەيلەيتتى.
ئاياللارنىڭ، بالىلارنىڭ، قېرى - چۆرىلەرنىڭ
ئاللا - توۋا، داد - پەريادى، قارا سىيادەك
قارا تۈننىڭ ئاسمىنىنى تىترىتەتتى. قەبرە
سۇپىسىدا ھېزىم موللا بىلەن بەگگى باخشى
بىر - بىرى بىلەن گالاچلىشىپ مۇشتلاشماقتا
ئىدى. ئۇلار ئاردلاپ - ئاردلاپ ھەر قايسىسى
ئۆز ئادەملىرىگە تەمرلىك سۆزلەر بىلەن
ۋارقىراپ مەدەت بېرەتتى. كىشىلەر ھە دې-
مەيلا ئايىغ - ئاستىلىرىدا چېچىلىپ ياتقان
گۆرزە - توقماق، نەيزە - قېلىچلار بىلەن
قورالىنىشقا باشلىدى. دەھشەتلىك ئۇر - تەپ
بىر دەمنىڭ ئىچىدە مۇدھىش قىرغىنچىلىققا ئاي-
لىنىپ كەتتى، ئەمدى بۇ قەدىمىي قەبرىستان
ھاۋاسىدىن يېڭى تۆكۈلگەن قان ھىدى كېلىش-
كە باشلىدى. ئەسەبىلىرى بۇزۇلغان ئادەملەر
بىر - بىرىنى ۋەھشىيلەرچە بوغۇپ، چېپىپ
ئۆلتۈرمەكتە، ئادەملەرنىڭ ياۋايىلارچە قىيا -
چىيا، چۇقان - سۈرەنلىرى، قىلىچ، گۆرزە -
توقماقنىڭ بىر - بىرىگە زەربە بىلەن ئۇر-
رۇلۇشى ئايىغ ئاستىدا جان تالىشىپ چەيلە-
نىپ ياتقان ئادەملەرنىڭ دەھشەتلىك خىر-
قىراشلىرى، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان مەشئەل يو-
رۇقىدا «يالت - يۇلت» قىلىپ يالترىۋاتقان
قىلىچ - گۆرزىلەرنىڭ بىر - بىرىگە زەرپ
بىلەن ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئۇچقۇنلار...
قوشۇلۇپ، ئىنتايىن قورقۇنچلۇق مەنزىرە بار-
لىققا كەلدى. ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىق ھېچ
توختايدىغاندەك ئەمەس. كۆزلىرىگە قان تو-
لۇپ ۋەھشىيلەشكەن قانخور ئادەملەر شۇ تاپ-
تا بىر - بىرىدىن قانلىق ئۆچ ئېلىش قىز-
غىنلىقىدا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئىنسانلىقنىڭ ئەڭ
ئاخىرقى بەلگىلىرىنىمۇ يوقاتماقتا ئىدى. گاھ
قارا چاپانلىقلار ئۈستۈن كەلسە، گاھ ئاق چا-
پانلىقلار غالىب كېلەتتى، گاھ ھەر ئىككىلا
تەرەپ ئوخشاشلا ھالسىراپ كەتكىنى ئۈچۈن،
بىر - بىرىگە كۆچى يەتمەي تىركىشىپ جەز
تارتىپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا ھېزىم موللا
ئاق چاپانلىقلارغا، مەس باخشى قارا چاپان-
لىقلارغا قاراپ بەس - بەس بىلەن ۋارقىراپ-
جارقىراپ مەدەت بېرىپ، ئۇلارنى «ئاللا يول-
دىكى جەڭ» نىڭ ئاخىرقى شەۋكىتىگە دەۋەت
قىلاتتى. تىرىكلەرگە زەپەر، ئۆلگەنلەرگە بې-
ھىش ۋەدە قىلىپ قەسەم ئىچىشەتتى. بىر -
بىرى بىلەن تىركىشىپ قېلىپ سەل پەسكويغا چۈشكەن
ئادەملەر ئۆز يولباشچىلىرىنىڭ تەسىرلىك خىـ

تابلىرىدىن ئىلھاملىنىپ تېخىمۇ غالجىرلىشاتتى - دە، بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە يېڭىباشتىن تاشلىناتتى. ھېلىدىن - ھېلىغا شارقىراپ تۆكۈلۈۋاتقان قاننىڭ ھىدىمۇ ئۇلارنىڭ تۇيغۇلىرىنى بارغانسېرى ئىنسانىيەتسىزلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پەيلىنى تېخىمۇ دەھشەتلىكرەك شۇملۇققا دەۋەت قىلاتتى...

قاپاق مەشئەللەرنىڭ يالقۇنى بارغانسېرى ئۆلگىنىپ، قانلىق جەڭ سائەتسېرى ئەۋجىگە چىقماقتا. جەڭ مەيدانى بارغانسېرى تېخىمۇ دەھشەتلىكرەك كۆرۈنۈشكە كىردى. جەڭ مەيدانىدا تىرىكلەرنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئازىيىپ كەتتى. لېكىن قىلىچ بىلەن باشلىرى ئۈزۈپ تاشلانغان ئادەملەرنىڭ باشسىز گەۋدىلىرى بىر - بىرى بىلەن جەڭگە چۈشۈپ كەتكەندى. بېشى تېنىدىن جۇدا بولغان بۇ گەۋدىلەرنىڭ جاھىللىقى، قەيسەرلىكى، جەڭگىۋارلىقى تىرىك ئادەملەردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن ئىدى. چۈنكى ئۇلارنى كونترول قىلىدىغان باش ۋە ئەقىل بولمىغاچقا، ئۇلاردا ئېشىپ قالىدىغىنى ياۋۇزلۇق، قارامىلىق، ئىسمى - جىسمىغا لايىق ھايۋانىيلىق ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆرۈشى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇلار قوللىرىدىكى نەيزە - قىلىچ، خەنجەرلەر بىلەن ئۆزىنىڭ قارىشىسىدىكى باشسىز گەۋدە رەقىبلىرىنىڭ قول - پۇت، كۆكرەك - قورساقلىرىغا ھېچ ئاياۋسىز تىغ ئۇراتتى. قارنى چۇۋۇلۇپ كەتكەنلەرنىڭ ئۈچەيلىرى يەردە سۆرىلىپ، دەم ئۆز ئىگىسىنىڭ ئايىغىغا،

ئۇزۇنلۇقتىكى ئۈچەينى يىغىشتۇرۇپ، ئۇدۇلدىكى رەقىبىنىڭ بوينىغا سالما قىلىپ تاشلىدى ۋە ئۇنى سۆرەپ يىقىتتى، ئاندىن رەقىبىنىڭ بوينىغا سېلىنغان ئۆزىنىڭ ئۈچەيى بىلەن رەقىبىنى بوغۇپ ئۆلتۈردى.

جەڭ مەيدانىنىڭ يەنە بىر چېتىدە نەچچە يۈز گەۋدىسىز باشلار كېسىلىپ، دوملاپ چۈشكەن يەردىن قاڭقىپ كۆكلەپ چىقىپ ئۆز ئارا ئۇسۇشىمەكتە ئىدى. بۇ گەۋدىسىز كېسىك باشلار شۇنچىلىك قاتتىق ئۇسۇشىدىكى، ئۇلار ئۆز ئارا خۇددى چۆيۈن توپتەك زەرب بىلەن ئۇرۇلاتتى - دە، شۇ ھامان ئېگىزدىن تاشلانغان تاۋۇزدەك پارە - پارە بولۇشاتتى. ئاندىن يېڭىدىن كېسىلىپ چۈشكەن باشلار جەڭگە چۈشەتتى. بۇ باشلارنىڭ چۆرىسىدە چېپىپ ئۈزۈپ تاشلانغان قوللار ئۇدۇل كەلگەن يەردىكى قىلىچ - خەنجەرلەر بىلەن يېڭىباشتىن قوراللىنىپ، ئۆز ئارا جەڭ قىلىشىۋاتقان باشسىز ۋە قولسىز ئادەملەرنىڭ ئۈستىدە — ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرۈپ، شىددەت بىلەن قىلىچلاشماقتا ئىدى، تۆكۈلۈۋاتقان قانلار يېيىلىپ بىر ئېقىن بولۇپ، ياردىن پەسكە شارقىراپ ئاقاتتى. ئۆلۈۋاتقانلار ھەددى - ھېسابسىز ئىدى. قىيا - چىيا، «ۋايجان، ۋاي — داد» لار ئالەمنى قۇچاتتى، مەن ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى بۇ خىل ئىنسانىيەتسىزلىككە ھېچ تاقەت قىلالماي تۇرالماي، پۈتۈن غەزىپىمنى كۆزۈمگە يىغىپ، مېنىڭ ھېلىقى جىنايەتكار پېرسوناژلىرىمغا نەپرەت بىلەن تىكىلدىم. ھېلىقى ئىمام قورقۇپ كەتكىنىدىن

دەپ كەلدىم؟ مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن يول مېنىڭ ماڭىدىغان يولۇم ئەمەس، باشقى-لارمۇ ئەمدى ماڭماس ئىلاھىم! چۈنكى كۆر-دۈمكى، بۇ ئۆلۈم يولى، گۇمرانلىق يولى، ھالاكەت، يوقىلىش يولى ئىكەن...
بىز ياشىنى، مەرتلەرچە ئالغا قا-راپ ياشىنى، ئالغا ئىنتىلىپ ياشاشنى خا-لايمىز! گۈللەشنى، گۈللىنىشنى، دەۋر ئاھاڭى-دا كۈلكە ياڭرىتىپ ياشاشنى خالايمىز!...
مەن يوشۇرۇنۇپ ياتقان جايىمدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، جىگدىلىكنىڭ ئارىسى بى-لەن سەنتۈرۈلۈپ - سەنتۈرۈلۈپ قەلئەنىڭ سىرتىغا قاراپ ماڭدىم.

## 16 - باب

قانچىلىك ماڭغىنىمنى بىلمەيمەن، تاڭ

هەممە يانچۇقلىرىمنى
هەي هەر هالدا يوقتىن
راق بولىسمۇ ئارام تا
سىز بىر مۇزدىكا ئاگىلى
راپىمغا ئالاگلاپ قارى
كۆرۈنمەيدۇ. دىققەت
زدىكا يىراقتىن ئەمەس
دىنلا — تولىمۇ يېقى
مەن ئۆزەمنىڭ ئالدى
ۋە ئېھتىيات بىلەن
نەرسە كۆرۈنمەيدۇ.
بۇ مۇزدىكا بارغان
تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ
باشلىدى. مەن چەكسى
يەر — بۇ يېرىم

داشقا زىممىدىن
ىن كە تكۆزۈپ
ىسە يوق ئىدى.

شكە بىر نەر-
كۆز يۈگۈرت-
يېگۈدەك نىمە

ھىلىقى ئەد-
ڭى يېمىگەنلى-
راپ - تېنەپ
پارچە ئەد-

ازراق «پەلەم-
ەپ بولمامدۇ؟
قىرغىسىقىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زىمىلىرىم مېنى ئالداۋاتامدۇ؟ ياكى مەن چۈش كۆرۈۋاتىمەنمىكەن؟ مەن ئۆزەمنىڭ ئۇيقۇدا ياكى ئويغاق ئىكەنلىكىمنى بىلىپ بېقىش ئىستىكىدە، بۇرنۇمنىڭ ئۇچىنى چىمداپ باقماقچى بولۇپ قولۇمنى بۇرنۇمغا ئاپاردىم. بارماقلىرىم بۇرنۇمنىڭ ئۇچىغا تېگەر - تەگمەستىن خۇددى ئۇشتۇمتۇت بېسىلىپ كەتكەن قورچاقتەك، بۇرنۇم «ۋىچىر» قىلىپ بىر غەلىتە چىرقىراق ئاۋاز چىقىرىۋەتتى. قورقىنىمدىن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا قۇلىقىمدىن كېلىۋاتقان ھېلىقى مۇزىكا بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. قورقۇنچتىن يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى، باش - كۆزلىرىمدىن پۇرقىراپ تەر چىقىپ كەتتى — دېمەك، مەن ئويغاق ئىدىم. ھېچ ئۇخلاپ قالغىنىم يوق! قورقۇنچتىن يۈزۈمنىڭ مۇسكۇللىرى تارتىشىپ لىپىلداپ كەتتى. قورققاندىمۇ قانداق دەڭ، كىچىك چېغىمدا «خەتنەگىنى» دەپ دادام رەھمەتلىك مېنىڭ پۇت - قوللىرىمنى مەھكەم تۇتۇپ، تېقىمىغا قىسىپ - زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىدا، خەتنىچى ئۇستام تىغى يالىلداپ تۇرغان ئۆتكۈر ئۇستۇرىنى تۇتقىنىچە مېنىڭ چاتىرىقىمغا يېقىنلاشقان مىنۇتتا قورقۇپ كەتكەندەكلا قورقۇپ كېتىۋاتىمەن. ئۆمرۈمدە شۇ چاغدا قورققاندەك قورقمىغان ئىدىم ۋە ئۇ قېتىمقى قورقۇنچنى ئەبەدىي ئۇنتالمايمەن.

مەن قۇلىقىمدىن كېلىۋاتقان مۇزىكىنىڭ ئەللىيى بىلەن ئاستا - ئاستا تىنچلىنىشقا باشلىدىم - دە، قۇلىقىمدىن كېلىۋاتقان بۇ ئاجايىپ مۇزىكىغا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن قۇلاق سالدىم.

بۇ مۇزىكىدا كۆپ ۋە خىلمۇ - خىل سازلار بىرى - بىرى بىلەن ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھەمدە ئىنتايىن يۈكسەك ماھارەت بىلەن ئورۇنلانغانىدى. بۇنى ئەڭ قەدىمىي بولۇشىغا قارىماي ئىنتايىن مۇكەممەللەشكەن ئوركېستىر دېيىشكە بولاتتى — مۇزىكىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن مۇزىكىلىق تىل شۇنچە ئېنىق ۋە راۋان، مۇزىكىنىڭ مېلودىيىسى شۇنچىلىك يارقىن، كومپوزىتسىيىسى شۇنچە مۇكەممەل، ئېپىزودلارنىڭ باغلىنىشى كۈچلۈك گارمونىكلىق ۋە مەنتىقىلىققە ئىگە، تۇراق - تاكىتلار ۋە پائۇزىلارنىڭ مۇناسىۋىتى شۇنچە ھەم - جەپسىلاشقان كۈچلۈك ۋە ئورۇنلۇق ماسلاشقان، رېتىمى شۇنچە ئىزچىل، ئۇدارى شۇنچە سالماق، دەل ۋە تەسىرچان ئىدىكى، مەن بىردەملىككە ئۆزەمنى تامامەن ئۇنتۇپ، ئاشۇ مۇڭلۇق، ئىزگۇ كۈينىڭ جازىبىسى بىلەن قوشۇلۇپ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك بولدۇم.

مۇزىكىدا ئايرىم - ئايرىم ۋەقەلەردىن رىۋايەت قىلىۋاتقان ئورگىنال بۆلەك ۋە ئېپىزودلار بىر - بىرىگە ئەڭ ئېپتىدائىي رەڭ ۋە كۈي پۈرىقى بىلەن ئورگانىك بىرىكىپ - باغلىنىپ كەتكەنىدى، بۇ بىرىكىشتىن بىر خىللا مۇزىكىلىق پىكىر ئىزھار قىلىنىپ، مۇزىكىنى تىڭشىغۇچى ھەر قانداق ئادەمدە تېگىگە يېتىپ بولمايدىغان ئاھ - زار، نادامەت، ئۈمىد ئۈزۈش، بىپەرۋالىق، تەنھالىق ... تەك پىسخىك ھالەتلەرنى پەيدا قىلاتتى. قۇلىقىمدا ياڭراۋاتقان ئاشۇ سىرلىق مۇزىكىنىڭ تەسىرلىك ئېقىمى بىلەن مېنىڭ كۆرۈش سېزىقىمدا ئاجايىپ بىر مەنزىرە — ئىنتايىن زور قەبرىستان، قەبرىس-

تاغنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتكەن پورپاق توپا پۇرقىراپ تۇرغان ئەگرى - بۈگرى كونا هارۋا يولى ئايان بولدى. هارۋا يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ يالىڭاچلىنىپ قالغان قوراي، شۋاق، چىغ تۈپلىرى ئاندا - ساندا كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئاشۇ يولدا كونىرىغىنىدىن چاقلىرى شالاقلاپ قېلىپ، شادىسىنىڭ بىرىدىن تولاراقى چۈشۈپ قالغان بىر «ياردىيار» هارۋىسى غىچىرلاپ - زارلاپ كەلمەكتە، هارۋا چاقلىرى كۈچسىز شامالدا ئىغاڭلاپ ئايلىنىپ تۇرغان چاقپەلەكتەك هەم يوغان، هەم كېلەڭسىز بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ شوتىسىنىڭ ئارىلىقى شۇنچە تار ئىدىكى، ئۇنىڭغا پەقەت بىرلا ئادەم سىغاتتى، بۇ هارۋىنىڭ قىياپىتىدىن هارۋا دەپ ئاتالغان بۇ ئىشلەپچىقىرىش قورالىنىڭ دۇنياغا ھەممىدىن بۇرۇن كېلىشۋالغان نۇسخىسى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. هارۋىغا قوشۇلغان ئېشەك شۇنچىلىك ئورۇق، ئەبگا، كۆرۈمسىز ۋە قېرى ئىدىكى، ئۇ ئېشەكنىڭ تۈكلىرى خۇددى كوچىغا تاشلىۋېتىلگەن يۇقۇملانغان نىمجان ئارسلاننىڭ تۈكىدەك خۇنۇك ۋە پەتىۋۇر يېتىپ كەتكەنىدى. بىچارە ئېشەك هەر بىر قەدىمىنى ئىنتايىن تەسلىكتە يۆتكەيتتى ۋە زورۇققىنىدىن ئۇنىڭ ئىنىچكە، ماغدۇرسىز پاچاقلىرى دىر - دىر تىترەيتتى. هارۋىدا كۆرەك جۈۋىغا ئورىنىپ، بېشىغا قورۇلۇپ پوشكالدەك بولۇپ قالغان كونا تۇماقنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان بىر ئاجىز ۋىجىك بوۋاي مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ توپا ئۆرلەپ تۇرغان سولغۇن چىرايى-

يەكلىرى قىزىرىپ كەتكەن خۇنۇك ۋە نۇرسىز كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمغىنىچە، هارۋىنىڭ ئاچىسىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، تولىمۇ غەمكىن، بوغۇق، خىرە ۋە ئاجىز ئاۋازى بىلەن ئىنتايىن قەدىمىي بىر كۈينى كۈيلەپ كەلمەكتە ئىدى.

بوۋاينىڭ تىترەك، خىرە ئاۋازدا ئېيتىپ كېلىۋاتقان ناخشىسىنىڭ قوشىقىنى چۈشىنىپ بولمايتتى، لېكىن مەن ئۇنىڭ ناخشىسىنىڭ ئاهاڭىدىن بۇ ناخشىنىڭ مېنىڭ قۇلىقىمدىن ياڭراۋاتقان مۇزىكا بىلەن كۈي شەكلىدىن تارتىپ ئۇدارى، پۇرىقى، ئىپادىلەپ بېرىلىۋاتقان پىكرى، ئىزهار قىلىنىۋاتقان مۇڭغىچە ئوپمۇ - ئوخشاش ئىكەنلىكىنى هېس قىلدىم.

ئۇ بوۋاي ئاشۇ كۈينى كۈيلەپ تولىمۇ يىراق، تولىمۇ يىراق يەردىن كېلىۋاتقانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ شۇ كۈينى يەنە قاچانغىچە كۈيلەپ، نەلەرگىچە بارالايدىغانلىقىنى هېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەس ئىدى..

## 17 - باب

مېنىڭ قۇلىقىمدا ئىڭراۋاتقاندەك ئاڭلىنىۋاتقان غەمكىن مۇزىكا ۋە كۆز ئالدىمدا ئەكس ئېتىۋاتقان ئايانچلىق مەنزىرە مېنىڭ كۆڭلۈمنى غەش قىلىپ، بارا - بارا مېنى زېرىكتۈرۈشكە باشلىدى. بۇلار مېنىڭ ئەسلىدىلا ئۆزەم ئارزۇ قىلىپ تەلپۈنۈۋاتقان نامەلۇم بىر نەرسىنى ئىزدەش، قوغلىشىش زۆرۈرىيىتىدىن چارچاپ، هالسىراۋاتقان قەلبىمنى ۋە ۋۇجۇدۇم-

ملىرىم خىرە ۋە گاللا-
ھوشلىنىپ بېرىۋاتاتتى.
يۇمۇلۇپ، ئاجايىپ بىر
مېنى مەس قىلماقتا
چىڭ تۇتۇپ تۇرۇشقا
ئاستىدىكى كۆپكۆك
قىڭغىيىپ، مۇزدەك
يۇمشاق ۋە قېلىن
دايىلاپ ياتتىم. ئىنتايىن
مېنى ئۆزىنىڭ ئىسسىق،
قۇچىقىغا ئاستاغىنە بۆ-
دا ئۇشتۇمتۇت يەر-
ەلتۈرگۈدەك غايەت
چۆچۈپ ئويغىنىپ كەت-
يېرىم ئويغاق سېزىم
ئېچىپ، تاڭ ئاسما-
سەيسالدىن، تاڭ ئاس-

ئىش ۋە تۇرمۇش سۈرئىتىنى ھازىرقىدىن بىر يۈز ھەسسە تېزلىتەلەيتتى. شۇڭا كۆپ بىر قىسىم ئاھالىلەر بۇ قورۇلۇشنىڭ تېزرەك پۈتۈشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە ۋە قولىدىن كېلىدىغان ئىمكانىيەتلەر بىلەن بۇ قورۇلۇشقا ياردەم كۆرسەتمەكتە ئىدى. بايا ياڭرىغان كۈچلۈك سادا ئەنە شۇ مېترو ئىش ئورنىدىن كېلىۋاتقان پارتلاش ئاۋازى ئىدى. بۇ قۇدرەتلىك سادا مېنىڭ قۇلىقىمدىن كېلىۋاتقان مۇزىكا ئاۋازىنى ئاجىزلىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ تۇيغۇلىرىم سەگەكلىشىپ، مېنىڭدە ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كېتىش ئىستىكى پەيدا بولدى. دېمىسىمۇ بۇنداق بىمەھەل كەلگەن قاتتىق ئۇيقۇ ئىنتايىن خەۋپلىك بولۇپ، ئاشۇنداق ئۇيقۇغا ئەسىر بولغان ھەر قانداق كىشى خۇددى قاتتىق سوغۇقتا مۇزلاپ قالغان ئادەم بىر شېرىن ئۇيقۇنىڭ ئىلكىدە قېتىپ

www.uyghurkitap.com

مەن ئۇشتۇمتۇت كىمدۇر بىرىنىڭ: «ھەرىكەت — جىمى كېسەللىك ئىلالىتىدىن، پاسىقلىق، پىشكەللىك ۋە بارلىق مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى، ئۇنىڭ بىر شەرت - پەرھىزى شۇكى، قۇياشقا، يورۇقلۇققا قاراپ نۇرغا يۈزلىنىپ ھەرىكەت قىلىش كېرەك... ئۇنىڭ ئۇنۇمى ئالاھىدە بولىدۇ...» دېگەنلىرىنى ئەسلەپ قالدىم.

توغرا، ھەرىكەت قىلاي! ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ ھەرىكەت بىلەن مۇسكۇللىرىمنى قىزىتىپ قېنىمنى قاينىتاي. قۇياش نۇرى بىلەن كۆزلىرىمنى نۇرلاندۇراي، يېڭىچە ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ، ھەر بىر ھۈجەيرە - كىلىتكىلىرىمنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالغان بۇ جادۇ - ھىكمەتتىن تېنىم ۋە قەلبىمنى خالاس ئېتەي!...

مەن ئورنۇمدىن ئوخچۇپ تۇرۇپ كەتتىم ۋە چوڭ يولغا چۈشۈپ قۇياش كۆتۈرۈلۈۋاتقان تەرەپكە قاراپ بوراندەك چېپىپ كەتتىم. مەن يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدە مەن ماڭغان نىشانغا قاراپ كەتكەن نۇرغۇن يالاڭ ئاياغ ئىزلارنى كۆردۈم. بۇ ئىزلارنىڭ كۆپىنچىسى سالماق ۋە چوڭقۇر بېسىلغان بولۇپ، ياش يىگىتلەرنىڭ ئىزىدەك قىلاتتى. ئۇ ئىزلارنىڭ ئارىسىدا مەن تولىمۇ كىچىك بىر بالىنىڭ ئاياغ ئىزىنىمۇ كۆرۈپ قالدىم. بۇ كىچىككىنە ئاياغ ئىزىمۇ چوڭلارنىڭ ئىزىغا ياندىشىپ بېسىلغانىدى.

توپا يولغا گويا ئاق قەغەزگە مۆھۈر باسقاندەك ئىشەنچ بىلەن بېسىلغان بۇ ئاياغ ئىزلىرى بەك يىراققا — ئوپۇق تەرەپكە قاراپ كەتكەنىدى. مەن ئاشۇ ئىزلارنى ئىزلەپ تېخىمۇ ئىلدام يۈگۈرۈشكە باشلىدىم. مۇبادا مەنمۇ شۇ كىشىلەرگە يېتىۋالسام ئىدى - ھە ئا!...

## 18 - باب

ئاخىرى مېنىڭ ئاياغلىرىم مۇزدەك سۇغا چىلاشتى. پەقەت شۇ چاغدىلا يۈگۈرۈشتىن توختاپ كۆزۈمنى ئاچتىم - دە، ھاڭ - تاڭ بولۇپ ئاغزىمنى ئېچىپ قالدىم. مېنىڭ كۆز ئالدىمدا گۈرۈلدەپ نەرە تارتىپ، خۇددى كۆك بەرقۇتتەك لۆمادەپ - كۆپۈپ ياتقان پايانسىز دېڭىز يېيىلىپ ياتاتتى.

مەن ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان ئۆلكەمنىڭ قۇچىقىدىكى بىر كىچىك شەھەردىن تىنچ ئوكيانغا تۇتاشقان دېڭىز ساھىلىغا يېتىپ كەلگەنىدىم، جەنۇبنىڭ موسسۇن شامالىرى ۋە تىنچ ئوكيان، ھىندى ئوكيانىنىڭ نەم ھاۋاسىنى ئېگىز تاغلار توساپ ئالغانلىقتىن، شىمالىي مۇز ئوكيان ۋە غەربىي ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ بىر قىسىم سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنىلا غەربىي قىسمىدىكى تارساي ئارقىلىق ئازىران كىرەلەيدىغان، كېچە - كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى 10 C، يامغۇرنىڭ يىللىق مىقدارى ئاران 150 م ل، قۇياشنىڭ يىللىق ئېنېرگىيىسى بولسا 140 مىڭ كۋادرات سانتىمېتىر كالورىيە، يېرىنىڭ كۆپ قىسمىنى تاغ ۋە قۇملۇق دەشتلەر ئىگىلەپ ياتقان بىر ئۆلكىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەندەك قۇرغاق ئىقلىم ئادىمى ئۈچۈن كۆز ئالدىمدىكى پايانسىز بىر كەڭلىكتە يېيىلىپ - چايقىلىپ تۇرغان غايەت زور ۋە چەكسىز كۆپكۆك سۇ دۇنياسى گويا كىشىنى بىرخىل ئاجايىپ - غارايىپ، سىرلىق خىيالىي زېمىنغا باشلايدىغان رىۋايەتنىڭ ئۆزى ئىدى. شۇ تاپتا مەن ئۆزەمنى ئۆزىنىڭ نەزىرىدە بىردىنبىر ۋە ئەڭ چوڭ دۇنيا دەپ ھېسابلايدىغان كىچىككىنە-

نە ئاغزى تار قۇدۇقتىن بىر بانا - سەۋەب بىلەن قۇدۇقنىڭ سىرتىدىكى ھەقىقىي دۇنياغا چىقىپ قالغان پاقا ياكى كىچىككىنە توختام كۆلچەكلەردە ياشاۋېتىپ، بىر كەلكۈن تۈپەيلى گۈلدۈرلەپ تۆرۈلۈپ ئېقىۋاتقان ئەزىم دەرياغا چىقىپ قالغان بېلىقچاندەك چەكسىز ھاڭ - تاڭلىق ئىلكىدە ھەمدە ئاجىز، لېكىن بەھۇزۇر سېزەتتىم، مېنىڭ قەلبىمنى قىزىقىش تەئەججۇپ، چۆچۈش، خۇشاللىق چۇلغىۋالغانىدى. مېنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىم بارغانسېرى كۈچىيىپ، كۆرۈش - ئىلا پەرق قىلىش دائىرەم ئىسترولۇق شەكىلدە بارغانسېرى كېڭىيىپ بارماقتا، تۇيغۇ - سېزىملىرىم ئۆتكۈرلىشىپ تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىم ئىلگىرى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە جانلانماقتا ئىدى. ئۆزەمنى قۇشتەك يەڭگىل ۋە ئەركىن سېزەتتىم. لېكىن قەلبىمنىڭ چوڭقۇرىدا ھە دېمەيلا پەيدا بولۇۋاتقان بىر خىل يوچۇن تۇيغۇ يۈرىكىمنى سىقىپ كۆڭلۈمنى غەش قىلاتتى. بۇ ئىنسان ئۈچۈن ھەممە ئازابتىن ئېغىر بولغان ئايرىلىش بىلەن ئۇچرىشىش، يوقىتىش بىلەن تېپىۋېلىش ئارىلىقىدىكى يەككە - يېگانىلىق، تەنھالىق ئازابى ئىدى.

ئۆلۈم ئەسلىدە قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەس، چۈنكى ئۆلگەندىن كېيىن نېمە بولۇشنى بەندە بىلىپ بولالمايدۇ. لېكىن ئادەمـ

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان قاتتىق كۈلكە ساداسىدىن چۆچۈپ كەتتىم - دە، ئەتراپقا ھەم خۇشاللىق، ھەم چۆچۈش ئىچىدە كۆز يۈگۈرتتۈم. مەن تۇرغان يەردىن يۈز - يۈز ئەللىك مېتىر نېرىسىدا دېڭىز سۈيىگە باغرىنى چىلاپ چوقچىيىپ ياتقان غايەت زور قىيا تاشنىڭ ئۈستىدە تۆت ئادەم، ياق، توغرىراقى ئۈچ يېرىم ئادەم ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ، بايىقى كۈلكە ساداسى شۇ تەرەپتىن كەلگەنىدى. دېمەك، مەن بۇ يەردە يالغۇز ئەمەس ئىكەنمەن. شۇ خىيال بىلەن تەڭ ۋۇجۇدۇمغا بىر شېرىن ئىللىقلىق غۇژژىدە تارىغاندەك بولدى، مەن خۇشاللىقىمدىن شۇلار تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردۈم.

ئۇلار مېنى قىزغىن، لېكىن ئانچە تۇزۇت قىلمايلا كۈتۈۋالدى. ئوزايىدىن قارىغاندا ئۇلار مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمنى ئاللىقاچان بىلگەندەك قىلاتتى. مەن ئۇلارغا مىللىتىمىزنىڭ تىلى ۋە ئادىتى بويىچە سالام بەردىم. ئۇلارمۇ ئۆز مىللەتداش كىشىلەردىن ئىكەن. ئۇلار ماڭا خۇددى تىللا چاچقۇسىدەك تاۋلىنىپ جاراڭلاپ تۇرىدىغان، تاڭ شەبنىمىدەك ساپ، بۇلبۇلنىڭ سايرىشىدەك يېقىملىق ۋە گۈزەل ئانا تىلدا سالام بىلەن جاۋاب قىلدى. مەن ئاشۇ تىلدىن چاڭقاش ئىچىدە ھەۋزى كەۋسەرگە يېتىشكەندەك سۆيۈنۈپ كەتتىم. مەن يانـ

نتى... ئۇلارنىڭ سەل نې-
بالا قىرغاق تەرەپكە
قىيا تاشتىن پۇتىنى پەسكە
ىرەپ - داۋالغۇپ ياتقان
خىيالغا چۈشۈپ ئولتۇرۇد-

نتى. ئۇ يەردە چوڭ پىرىستان بولسا كېرەك.
دەل شۇ چاغدا دېڭىز تەرەپكە قاراپ ئولتۇر-
غان بالا بىردىنلا خۇشال ۋارقىرىۋەتتى.
— كەلدى! كېلىۋاتىدۇ! ئەنە...
ھېلىقى ئۈچ يىگىت ئورنىدىن سەكرەپ

www.uyghurkitap.com

تۇراتتى. لوتكىنىڭ ئۈستىدە بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي لوتكا سال بىلەن تەڭ، سال لوتكا بىلەن تەڭ تېزلىكتە ئۈزۈپ كەلمەكتە ئىدى.

بىز تەرەپتە سال غايەت زور دەرەخ غوللىرىدىن باغلىنىدۇ. لېكىن بۇ كېلىۋاتقىنى سەككىز - ئون تال بامبۇكتىن باغلانغان سال ئىكەن. ھەش - پەش دېگۈچە شوپۇرسىز لوتكا بىلەن سال قىرغاققا يانداشتى. سالنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغىنى بىر قىز ئىدى. ئۇ قىزنىڭ قاپقارا ئۇزۇن چاچلىرى، ئۇنىڭ يېرىم يالىڭاچ يەلكىسىگە تال - تال بولۇپ چېچىلىپ - يېيىلىپ تۇراتتى. تۆپتۈز، ئۇزۇن پۇتلىرىنىڭ مۇسكۇللىرى تازا تولغان بولۇپ، يەڭسىز، نېپىز كۆڭلىكى ئاشۇ گۈزەل پاچاقلارغا يۆگىلىپ دولقۇنلاپ تۇراتتى. قىزنىڭ نۇرلىنىپ تۇرغان چوڭ - چوڭ شەھلا كۆزلىرى، چوڭ ئويما ياقا كۆڭلەكنىڭ ياقىسىنىڭ قىرغىقىدىن غىل - پال كۆرۈنۈپ، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئاپئاق تولغان كۆكسى، قىزنىڭ غۇنچىدەك نېپىز لەۋلىرىدە ئويناپ تۇرغان نازۇك تەبەسسۇم، قىزنىڭ خۇددى مەرمەر تاشنى يونۇپ ياساپ قويغاندەك كېلىشكەن زىبا قامىتى گويا ئادەمنىڭ پاراستى، بۈيۈك گۈزەللىكى، پاكلىقى ھەققىدە يېزىلغان ئىنتايىن نەپىس شېئىردەك ئادەمنىڭ قەلبىنى مەۋجلەندۈرۈپ، تومۇر - تومۇرلاردا بىر ئىللىق ئېقىم پەيدا قىلىپ، كىشىنى قاقاقلاپ كۈلۈشكە، ياڭراق ئاۋازدا مۇھەببەت، ھايات، گۈزەللىك، كۈرەش ھەققىدە جاراڭلىتىپ زوق بىلەن ناخشا توۋلاشقا، ئېگىزگە، ئەڭ يۈكسەك چوققىلارغا قاراپ پەرۋاز قىلىشقا ئۈندىگەندەك قىلاتتى...

ئۇ قىز سالنى توختاتتى. ئۇنىڭ قولىدا سەرەڭگە قېپىچىلىك كېلىدىغان بىر ئاپپارات تۇراتتى. ئۇ قىز شوپۇرسىز لوتكىنى ماتور، پالاق بولمىسىمۇ ماتورلۇق كاتېر بىلەن تەڭ ئۈزىدىغان سالنى ئاشۇ كىچىككىنە ئاپپارات ئارقىلىق باشقۇرىدىكەن.

— ئېلېكترونلۇق مېڭە! — دېدىم مەن پىچىرلاپ، ئۇ قىزنىڭ قولىدىكى ئاپپارات شۇنداق دەپ ئاتىلاتتى. مەن بۇ قىز ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى ئاشۇ ئاپپاراتنى ئۆز يۇرتۇمدىكى چاغدا بىر ماگىزىندىكى تېلېۋىزوردا كۆرگەنىدىم. تېلېۋىزور نومۇرىدا تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ قىز مۇشۇ دېڭىز ساھىلىدا ياشايدىغان بىر بېلىقچىنىڭ قىزى بولۇپ، ساۋاتسىز بېلىقچى بۇ قىزنى ئۈچ ياشىدىلا مەكتەپكە بېرىپتۇ. چۈنكى ئۇ بېلىقچى ئۆزىنىڭ ساۋاتسىز قالغىنىغا تولىمۇ ئۆكۈنىدىكەن. بىلىمى يوق كىشىگە بۇ جاھاننىڭ قىزىقى، راھىتى، خاسىيىتى ئەمدى نېسىپ بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بېلىقچى، قىزى مەكتەپ يېشىغا توشقىچە ئالدىراپ كېتىپ، ئۇنى تولىمۇ كىچىك چېغىدىلا ئوقۇشقا بەرگەنىكەن. دېڭىز ياقىسىدىكى بىر خىلۋەت كەپىدە تۇغۇلغان بۇ يالغۇز قىز ھازىر خەلقئارادا مەشھۇر ئېلېكترون مېڭە مۇتەخەسسىسى بولۇپ چىقىپتۇ. ئۇ شۇنچىلىك مەشھۇر ئالىم بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇشۇ دېڭىز ساھىلىدىن ئايرىلماي، بۇ يەردە جەنۇبىي قۇتۇپقا تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن قېزىلىۋاتقان يەر ئاستى تونېل قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىۋېتىپتۇ. جەنۇبىي قۇتۇپتىن قېزىۋېلىنغان بايلىقلارنى ئۆز ئېلىگە توشۇش ئۈچۈن، سۇ يولى بەك ئۇزۇن ۋە خەتەرلىك بولغاچقا، دېڭىز ئاستىدىن تونېل قېزىپ، جەنۇبىي قۇتۇپقا يۇقىرى سۈرئەتلىك ئاپتو-

www.uyghurkitap.com

موبىل ۋە پويىز يولى ياساش تەسەۋۋۇرىنى مۇشۇ قىز بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىكەن. بۇ پىلان ئالىملار تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىپتۇ. ھۆكۈمەت بۇ قىزنى دەررۇ مۇشۇ ئىشقا باشچى قىلىپ، بۇ بۈيۈك ئىنشائاتنىڭ رەھبىرىي ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن تاپشۇرۇپتۇ...

ھېلىقى ئۈچ ئۇيغۇر يىگىت ئۇ قىزغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ قولىنى كۆكسىگە ئالدى. ئۇ قىزمۇ بۇ يىگىتلەرگە چىن كۆڭلىدىن ئۇرغۇپ چىققان لەتاپەتلىك، نازۇك كۈلكىسى بىلەن جاۋاب بەردى. ئۇ قىز مېنى كۆرۈپ ئانچىمۇ ئەجەبلىنىپ كەتمىدى، قىز ماڭىمۇ دوستانە ۋە ئاقكۆڭۈللەرچە كۈلكىسى ئارقىلىق سالام يوللىدى. مەنمۇ دەرھال قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ جاۋاب سالام قىلدىم. يىگىتلەر سالغا سەكرەپ چىقىۋالدى. ھېلىقى كىچىك بالا ھېچ ھېيىقماستىن شالاقشىتىپ سۇ كېچىپ بېرىپ لوتكىنىڭ تۇمشۇقىغا چىقىۋالدى. ئۇ شۇ تاپتا خۇددى تال ئۇچىغا قونۇۋالغان سۆڭگۈك بالىسىدەك ئوماق ۋە سۆيۈملۈك كۆرۈنەتتى. يىگىتلەر ۋە بالا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ مەن بىلەن خوشلاشتى. شۇ چاغدا مەن ئۇ بالىنى تونۇپ قالدىم. بۇ بالا بايىقى مەخسۇس تاقايدىغان جابدۇق ياسايدىغان ئاقسۇلۇق تۆمۈرچى ئۇستامنىڭ يىگىرمە ئالتىنچى ئوغلى ئىدى. مەن يول بويى كۆرگەن كىچىك بالىنىڭ ئاياغ ئىزى دەل مۇشۇ بالىنىڭ باسقان ئىزى ئىكەن...

ئۇ بالا مېنىڭ ئۇنى تونۇپ قالغىنىمغا ئۈچۈن خۇشاللانغان بولسا كېرەك، ماڭا قاراپ كىچىككىنە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ كۆز قىسىپ قويدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ كۆزۈمنى قىسىپ قويدۇم. بايىقى قىز قولىدىكى ئاپپاراتنىڭ يېشىل تۇپچىسىنى بېسىپ قويۇۋەدى، شوپۇرسىز لوتكا يادىن ئاجراپ چىققان ئوقتەك قىرغاقتىن ئايرىلىپ ئۇپۇق تەرەپكە قاراپ ۋىژىلداپ ئۇچۇپ، شىددەت بىلەن دولقۇن يېرىپ ئۈزۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قىز ۋە يىگىتلەر چۈشكەن بامبۇك سالمۇ قوزغالدى. سال بارا - بارا تېزلىكىنى ئاشۇرۇپ غارقىراپ ئۈزۈپ كەتتى.

مەن قولۇمنى سايىۋەن قىلىپ لوتكىغا قارىدىم. بالىنىڭ قىپيالىڭاچ تېنى قۇياش نۇرىدا خۇددى كۈمۈش پارچىسىدەك يالتىراپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. لوتكىنىڭ سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلىشىپ، ئۇپۇقتىن ھالقىپ كۆزدىن غايىب بولدى. سال ئۈستىدە ئالدى تەرەپكە — ئۇپۇقنىڭ نېرىسىغا تەلپۈنۈپ ئولتۇرۇشقان ھېلىقى ئۈچ يىگىت مەن تەرەپكە ئاخىرقى قېتىم قول ئىشارىتى قىلدى. ھايت - ھۇيت دېگۈچە سالمۇ كۆزدىن غايىب بولدى. دېڭىز ساھىلى چوڭقۇر جىمىلىققا پاتتى.

## 20 - باب

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمىدىم، بىردىنلا كەچ كىرىشكە باشلىدى. دېڭىز ئۈستىگە تۆكۈلۈپ تۇرغان قۇياشنىڭ پارلاق نۇرى بارغانسېرى سۇسلاپ، تېپتىنچ دېڭىز ساھىلى گىرىمسەن غۇۋالىق ئىچىدە ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك قاراڭغۇلۇق قوينىغا سىڭىشكە باشلىدى. ئەسلىدە قۇياش ئولتۇرغانسېرى قاراڭغۇلۇق ئالدى بىلەن شەرق تەرەپتىن غەربكە قاراپ يېيىلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ھازىر نېمىشقىدۇر قاراڭغۇلۇق غەرب تەرەپتىن شەرققە قاراپ يېيىلىۋاتاتتى. مەن دەررۇ سائىتىمگە قارىدىم — ئۈرۈمچى ۋاقتى بىلەن كۈندۈز سائەت ئون ئىككى. بۇ يەرنىڭ ۋاق-

تى بىلەن كۈندۈز سائەت ئىككى يېرىم. مېنىڭ سائىتىم ھازىر دۇنيادا سائەتچىلىك ساھەسىدە ئىشلىتىلىۋاتقان ئەڭ يېڭى، ئەڭ نازۇك تېخنىكىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئۇنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، قاراڭغۇدا چىراقتەك يورۇيدۇ.

ئەمدى بۇ نېمىسى؟ دەل چۈش ۋاقتىدا قاراڭغۇ چۈشكەننى كىم ئاڭلاپ باققان؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراڭغۇلۇق تەبىئەت قانۇنى بويىچە شەرقتىن غەربكە قاراپ يېيىلماي، دەل بۇنىڭ تەتۈرىسىچە غەربتىن شەرققە قاراپ يېيىلغىنى نېمىسى؟ مەن ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەي بېشىمنى كۆتۈرۈپ قۇياشقا قارىدىم ۋە ھاڭ-تاڭ بولۇپ تىنالماي قالدىم — باياتىن ئاسمان گۈمبىزىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تۇرغان قۇياش ئەمدىلىكتە شەرققە قاراپ ئىنتايىن تېزلىكتە ئولتۇرۇپ بارماقتا ئىدى. قۇياشنىڭ ئولتۇرۇش سۈرئىتى شۇنچىلىك تېز ئىدىكى، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچىلىكنىڭ ئارىلىقىدا قۇياش ئۇپۇق سىزىقىغا قونۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرقى شولىسى ئۆچتى-دە، يەر-زېمىن بىردىنلا قاراڭغۇلۇق قوينىغا چۆكتى. دەھشەت ھەم ۋەھىمىدىن يۈرىكىم توختاپ قالغاندەك بولدى. مەن ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدىم. سائىتىمنىڭ چىرىقىمۇ نېمىشقىدۇر يورۇماس بولۇپ قالغانىدى. پەقەت دېڭىز دولقۇنىنىڭ رىتىملىق شارقىرىشىدىن، يەر شارىنىڭ يەنە مەۋجۇتلۇقىنى، ئۇنى ھېس قىلىپ ئولتۇرغان ئۆزەمنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىمنى بىلىپ

سىقلىق، چىرىكلىك ئەمدىكى يېڭى دۇنيادا يەنە ساقلىنىپ تۇرالمايدىكەن. چۈنكى، قەيەردە شۇنداق بىلىمسىزلىك، روھىي جاھالەت، قەلبىي بۇزۇلۇش بولسا قايتا كۆتۈرۈلگەن يېڭى قۇياش ئاشۇ يەردە زېمىنغا چۈشۈپ، ئەنە شۇ ئىللەتلەرنى ۋە ئىللەتلەرنىڭ جاھىل قوغدىغۇچى كۈچلىرىنى ئۆزىنىڭ ئوتلۇق ھارارىتى بىلەن كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىپ تاشلايدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردە يېڭىچە بىر دۇنيا ۋە يېڭىچە ئادەملەر — بىلىم، دوستلۇق، مېھنەت، ئىزلىنىش، تەرەققىيات، مېھرىبانلىق، مۇھەببەت، ئەقىل-پاراسەت، شەرم-ھايا، ئەخلاق-پەزىلەت، پاك ۋە ھەقىقىي دىنىي ئېتىقاد ئەۋج ئېلىپ، ھاياتنىڭ ئۆزى بىر پۈتۈن، نۇقسانسىز گۈزەللىككە ئايلىنىدىكەن...

مېنىڭ قەلبىمنى قوچۇپ، يۈرەك قېنىمنى جۇشقۇنلىتىۋاتقان يېڭى دۇنياغا تەلپۈنۈش تۇيغۇسى بايا ۋۇجۇدۇمنى ئىگىلىگەن قورقۇنچ ۋەھىمىسىنى بېسىپ چۈشتى.

ئادەتتە شۇنداق بولىدۇ — يېڭى نەرسىگە بولغان قىزىقىش تۇيغۇسى، كونا نەرسىنىڭ كۆندۈرۈش كۈچىدىن، ئاڭغا ھۆكۈمران بولۇۋالغان قامال ئىسكەنجىسىدىن، ۋەھىمە-تەھدىتتىن ھامان غالىب كېلىدۇ... چۈنكى قىزىقىش، ئىنتىلىش بولسا ئەتىكى مۆجىزە ۋە كارامەتكە ھامىلداردۇر.

## 21 - باب

ئۇشتۇمتۇت ئۇپۇق تەرەپتە سۇبھى قىزىللىقىنىڭ يېيىلىپ كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

هىجران، سېغىنىش، تەلپۈنۈش يىللىرىنى
بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەمدى خۇشاللىق ئىچىد-
دە ۋىسالىغا يېتىپ بىر - بىرىنى قۇچاقلاش
ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغان ئىككى ئاشىق -
مەشۇقتەك يېقىنلىشىپلا قالدى. مانا قۇياش
بىلەن زېمىن بىر - بىرىنى باغاشلاشقا ئاز

www.uyghurkitap.com

# دادا، مېنى سۆيۈپ قوي...

(نەسر)

ئەلھامجان ئابلىز

دادا، شۇتاپتا قەلبىمنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟

دادا، بىچارە ئانام سېنىڭ ئاياۋسىز زەربىلىرىڭدىن يۈرىكى لەختە - لەختە قان بولۇپ، ئەجەل سىرتمىقى بىلەن باغلانغاندا، ھۆكىرەپ قۇچىقىڭغا تاشلانغانلىقىم ئېسىڭدىمۇ؟

مەن شۇندىن بۇيان ئىككىنچى بىر ئانىنىڭ، ياق، ئۇنىڭلا ئەمەس، سېنىڭمۇ ئالدىڭدا خورلاندىم.

دادا، ئۆز جۈرىسىدىن ئايرىلغان دادىلار يېڭى جۈرە تاپقاندا، نېمە ئۈچۈن ئۆز بالىسىنى يامان كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ؟ ئانىلارمۇ ئوخشاشلا ئانا تۇرۇپ جۈرىسىنىڭ پۈشتىغا — يېڭى بالىسىغا نېمە ئۈچۈن ئانىلىق مېھرىنى يەتكۈزمەيدۇ؟ ...

كېچە. كۆككە كۆز مۇنچاقتەك ئېسىلىۋالغان يۇلتۇزلار جىمىرلىشىپ، مىسكىن كۆڭلۈمگە ئارام بەرمەكتە.

ئەنە، ئۇلار ۋىلىق - ۋىلىق كۈلگىنىچە ئايغا يېپىشىپ، ئۇنىڭغا بالىلارچە ئەركىلەۋاتىدۇ...

بىر چاغلاردا مومام ماڭا چۆچەك ئېيتىپ بەرگىنىدە، ئاي يۇلتۇزلارنىڭ ئانىسى، دېگەنىدى. راستىنلا شۇنداق بولغىنىدا ئۇلار نېمىدېگەن بەختلىك - ھە؟!

شېرىن خىياللارنىڭ ئەللەيلىشى بىلەن ئاستا - ئاستا مۈگدەشكە باشلىدىم...

خىلمۇ - خىل مېۋىلەر بىلەن تولغان باغچا. ئانام بىلەن ئىككىڭلار كۈلۈشكىنىڭلارچە قولۇمدىن يېتىلەپ كېلىۋاتىسىلەر. بىردە ئانام مەڭزىمگە سۆيسە، بىردە سەن پېشانەمگە سۆيىسەن. يول بويى كۈلكە، يۈرىكىم شادلىقتىن تېپىرلاۋاتىدۇ. بىز تال باراڭلىق ئاستىغا كېلىپ ئولتۇردۇق. ئەمدى سەن مېنى ئۆز يېنىڭغا تارتىپ، قۇچىقىڭغا ئېلىپ پەپىلەشكە باشلىدىڭ. مەن بوينۇڭغا مەھكەم گىرە سېلىپ، ئاتىلىق مېھرىڭنىڭ ئەللەيلىشىدە تاتلىق كۈلۈۋاتىمەن...

قاتتىق تاۋۇلاشلىرىڭدىن چۆچۈپ ئويغاندىم. تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلۈشكە باشلىغان. ئالدىمدا بايىقىغا زادى، زادىلا ئوخشىمايدىغان سوغ بىر چىراي قەھرى بىلەن ھۆكىرىمەكتە:

— ھۇ، ئىتنىڭ بالىسى! شۇ چاققىچە...

بۇ ئاچچىق تىللار سەبىي قەلبىمنى ھەردەك چاقتى. ئازاب ئىچىدە تولغاندىم. كۆڭلۈمگە تەسەللى بولسۇن ئۈچۈن، ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى پىنھان كۆل بويىغا چىقىپ قانغۇچە يىغلىدىم. كۆز چاناقلىرىم قۇرىدى. ئاشۇ چاغ كۆزۈم بىر ئىتقا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئەتراپىغا بالىلىرىنى ئولاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنچىكە ۋە يۇمران تۈكلىرىنى ئانىلىق مېھرى بىلەن تويماي يالىماقتا ئىدى...

---

گۈزەللىكنى كۆرۈش بەختىگە، ئۇ بەخت ئاتا قىلغان خۇشاللىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدىم. مېنىڭ شۇ مىنۇتتا تېپىۋالغىنىم، ئېرىشكىنىم ئايرىلغىنىمدىن، يوقاتقىنىمدىن، ۋاز كەچكىنىمدىن ھەسسىلەپ قىممەت ۋە ئەزىز ئىدى. ئۇنى مەن ئۇخلاپ ئەمەس، كۈتۈپ ئەمەس، ئىزلەپ، ئاختۇرۇپ تېپىۋالدىم. بۇنىسى تېخىمۇ قىممەتلىك ۋە ھوزۇرلۇق ئىدى!...

1985 - يىل دېكابىر 1986 - يىل يانۋار ئۈرۈمچىدە يېزىلدى.

www.uyghurkitap.com

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى 2 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى

(1986 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ماقۇللانغان)

رەئىس: شي گاڭجېڭ
مۇئاۋىن رەئىس: شەن ئېربېڭ، لى باۋشېڭ، ئابلىكىم باقى
باش كاتىپ: ئابلىكىم باقى
مۇئاۋىن باش كاتىپ: فەن خاۋۋېن

دائىمىي ھەيئەتلەر: ئابلىكىم باقى، ئەركىن سوپى، ھەسەن تىلىۋالدى، ھەسەن ئىسمايىل، باۋۇدۇن نىياز، پەتتار، شەمشىبانۇ (ئايال، قازاق) قاتارلىق 21 كىشى.


ھەيئەتلەر: ئابلىكىم باقى، ئەركىن سوپى، ھەسەن تىلىۋالدى، ھەسەن ئىسمايىل، باۋۇدۇن نىياز، پەتتار، شەمشىبانۇ (ئايال، قازاق)، مۇھەممەد روزى يارقىن، جېلىل ئابدۇراخمان، تۇرسۇن روزى، ئابلىز مۇھەممەد قاتارلىق 39 كىشى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى 2 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيى
دائىمىي ھەيئەت رىياسىتىنىڭ قارارى

1986 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈندىكى بىرىنچى سانلىق ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، 1986 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغانلار:

ئابدۇرەھىم قاسىم، ئالىم مەخمۇت، ئەركىن سوپى، ئەركىن نۇر، ئەخمەت ئىمىن، ھەبىبۇللا مۇھەممەد، ئىلغارجان سادىق، مۇھەممەد روزى يارقىن، تۇرسۇن تىلىۋالدى.

ئاھ، قىسمەت ئىلاھى! مەن مۇنداق شور
پىشانە ئىنسان بالىسى بولۇپ يارالغۇچە بىر
كۈچۈك بولۇپ تۆرەلسەمچۇ؟!
دادا، كىشىلەر، يېتىم بالا تۇغۇلۇشى بى-
لەنلا ئۇنىڭ يۈزىگە پەرىشتە يۇندا چېچىۋېتى-
دۇ، دېيىشىدىكەن. سىنىڭ مەڭزىمگە بىرەرنىمۇ
سۆيۈپ قويماسلىقىڭ، ئاشۇ يۇندىدىن يىر-
گەنگىنىڭمۇ؟ ئۇنداقتا، مەن بايا كۆرگەن
ئىت، تېخى يېڭىلا كۈچۈكلىگەن بىخسىق قان
يۇقى بالىلىرىدىنمۇ يىرگەنمەيدىكەنغۇ؟!
دادا، سەن يەنىلا مېنىڭ دادام. ئىشەنمى-
سەڭ قارا، مەن بۇ تۈلكىلارنى سېتىپ ئالغان دەپ-
تەرلىرىمنىڭ مۇقاۋىسىغا ئۆز ئىسمىمنىلا ئە-
مەس، سېنىڭ ئىسمىڭنىمۇ چىرايلىق قىلىپ
يازىمەن. ساۋاقداشلىرىم ئۆز دادىلىرى ھەققى-
دە سۆز ئاچسا، مېنىڭمۇ دادام بار، دەپ
پەخىرلىنىمەن.
بىراق، دادا، سەن ئۆز يۈرەك پارەڭنىڭ
ئاتا مېھرىدىن مەڭگۈ مەھرۇم قېلىشىنى خالامسەن؟
دادا، جېنىم دادا! مەن شۇ مىنۇتتا سې-
نىڭ مېنى باغرىڭغا مەھكەم بېسىپ، ئاتىلىق
مېھرىڭ بىلەن يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيۈپ قو-
يۇشىڭغا نەقەدەر تەشنا ئىدىم ـ ھە؟!
ئاھ، دادا! مېنى سۆيۈپ قوي...




— دەرەخلەر ئوق تەگكەن جەگچەدەك
يىقىلىدۇ، كۆۋرۈكلەرنىڭ ئاستى چۇۋا - چاتـ
قال بىلەن تىنىدۇ، ياپراقلار قورۇلۇپ، غۇنـ
چە ۋە دانلار تۆكۈلىدۇ، ئۆيلەرنىڭ ئۈستى
ئېچىلىپ، دېرىزىلىرى تىنىمسىز سىلكىنىدۇ،
ئادەملەر ئۆيلىرىگە، مال - ۋاران قوتان -
ئېغىللىرىغا گۇناھسىز قامىلىدۇ. تەبىئەت
بۇ خىل غارايىپ ئۇپراتقۇچ زەربىسى بىلەن
مەغرۇر، بىزچۇ؟ بىز ھەممىگە كۆنۈك، مەغلۇـ
بىيەت، زىيان - زەخمەت بىزنى قورقىتالمايـ
دۇ، كۆچۈرۈۋېتەلمەيدۇ، شۇڭلاشقا بىز بۇ
يەرنىڭ خوجايىنى، بۇ يەرنىڭ دەرەخلىرىمۇ،
بوۋايلىرىنىڭ ساقاللىرىمۇ، خورازلىرىنىڭ
قۇيرۇقلىرىمۇ قىڭغىر دېگەن سۆز بىكار
چىقمىغان. بۇ سۆز بىزنىڭ بۇ يەردە ھەر
يىلى 130 - 140 قېتىم بوران بىلەن ئېلىـ
شىدىغانلىقىمىزنىڭ ئىسپاتى. سىلەرچۇ؟ بىر
يىلدا كۆپ بولسا ئۈچ قېتىم ياكى تۆت - بەش
قېتىم بوراندىن زەخمەت چېكىسىلەر، لېكىن
سىلەرنى قاقشاتقان ئۇ بورانلار 8 - 9 بال،
يۇقىرى سەرە - سەرە (قـۇيۇن) توغرىسىدا
بىلىم بولغىنى بىلەن ھېكايە، تەسىرات،
بولغاندىمۇ بىۋاستە تەسىرات يوق. سىز كېـ
ئولوگىيە ئالىمى، سىزگە بوران، يەر تەۋـ
رەش، تېمپېراتۇرا توغرىسىدا گەپ سېتىش
كۈلكىلىك، سىز بۇ توغرىدىكى بىلىملەرنىڭ
پىرى. لېكىن مال دوختۇرلىرى مال سويۇشـ
نى قاسساپلارچىلىك بىلمەسلىكى، ئوزۇق -
تۈلۈك تەتقىقاتچىلىرى يېمەكلىكلەرنى ئۆي
ئاياللىرىچىلىك چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن.
شۇڭا سىزنىڭ بوراننى ئۆز كۆزۈم بىلەن
كۆرەي دېگىنىڭىز تولىمۇ توغرا، سىزنىڭ بىـ
خەتەرلىكىڭىزگە بىرىنچىدىن مەن، ئىككىنچىـ
دىن بىزنىڭ قابىلىيەتلىك، ئەمگەك نەمۇنىـ
چىسى شوپۇرىمىز مەسئۇل، ۋىلايەت رەھبەرلىـ
رى سىزنى بىز ئىككىمىزگە تاپشۇرغان، يولـ
يورۇق سىزدىن، رول تۇتۇش ئۇستامدىن
بولىدۇ. بىز ھەر ئىككىلىمىز تالاي - تالاي
سىناقلاردىن ئۆتكەن، ھەر قانداق قىيىنچىلىقـ
نى ئاسانلاشتۇرۇشنىڭ يولىنى خۇددى ئۆز

قتى ـ بوران ئېغىزىغا قاراپ يولغا چىقايلى!

ـدا — غەلبە ئۈچۈن!

تـشـ — سالامەتلىك ئۈچۈن!

ـاۋاق، — ئۆلمەسلىك ئۈچۈن!

هـاـ سىرتتا بوران گۈركىرىمەكتە، ئۆي ئىچى

تكەن، دىمىق، ئاچچىق ئىس، چاڭ بىلەن تولغان،

تۇرـ بىزنىڭ ئابلەت قول ۋە قاشلىرىنى ئوينىتىپ

زنـڭ ئۇزاق سۆزلىدى. يوقىرىدىن كەلگەن ئاق

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

دىرلاردىن كەم ئەمەسمەن، بەلكى ئۈستۈنمەن. مەن بىرلا ئىشتا، يەنى مەنسەپ ئۈچۈن تىرىشىش جەھەتتىلا باشقىلاردىن تۆۋەن ئوخشايمەن. كىشىلەرنىڭ ئەيىپى ھېسابلىنىدىغان بۇ خىل «قابىلىيەت»نىڭ ھەممە قابىلىيەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى نېمىشقا بۇرۇنراق بىلمىدىم - ھە؟ بۇ قابىلىيەت يېتىلگەن ئادەملەر مۇنۇ بىزنىڭ ئابلەت مۇدىرىدەك بولىدۇ. بۇنداق ئادەم ئاددىي ئانكېتىنى ئۆزى تولدۇرالماستىن باشقىلارغا يېزىلىشىمۇ، نە كاتىپلىق، نە تەرجىمانلىق، نە بوغالتىرلىق، نە مۇئەللىملىكنى قامداشتۇرالمىسىمۇ بەربىر ئۆسۈۋېرىدىكەن. بىزنىڭ ئابلەت مانا ئۆستىغۇ؟ ئۇ باشقىلارغا نۇتۇق تەييارلاشتا قانچە قېتىم كۈلكىگە قالدى، قانچە قېتىم تىل ئاڭلىدى؟ ئۇ ماشىنا باشقۇرۇش بىلەن ئەتىيازلىق كۆچەت تىكىش ئەمگىكىگە كادىرلارنى سەپەرۋەر قىلىشتىلا قابىلىيەتلىك. چۈنكى ئۇ باشقىلار بىلەن جىدەل قىلىشتىن ھەرگىز قورقمايدۇ. زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇش، باشقىلارنىڭ خىزمەت ۋە «ئىدىيە» سىدىن چاتاق تېپىشتا ئۇ ئەلۋەتتە قابىلىيەتلىك. مۇشۇ جەھەتتە قابىلىيەتلىك بولغىنى ئۈچۈن بەلكى ھازىر ناھىيىمىزدە ئۇنىڭغا يارايدىغان بىرمۇ كادىر بولمىسا كېرەك. ئۇ ھەممىلا ئادەمنىڭ ئىشىنى كۆزىتىدۇ، خۇلاسىلايدۇ، ياراتمايدۇ، ئۇ قول تىقمايدىغان ۋە شۇ سەۋەبتىن كاشىلىغا ئۇچرىمايدىغان بىرمۇ ئىش يوق...

مەن ئابلەت بىلەن يىگىرمە يىلدىن بېرى بىللە ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن. مەن ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىدىن ئاللىقاچان بىزار بولغانمەن. ئۇنىڭ ھەر قانداق چىرايلىق گېپىمۇ ماڭا قەغەش بالىنىڭ يىغىسىدەك ئاڭلىنىدۇ.

لېكىن، ئۇ ھازىر ئىشخانا مۇدىرى، ھەر قانداق ناچار ئادەمنىڭمۇ ئادەملىك غورۇرى بولىدۇ. بۈگۈن 12 بال بوران چىقىدىغان بوران ئېغىزىغا قاراپ كېتىۋاتىمىز. قېنى، بىزنىڭ ئابلەت رولنى قانداق باشقۇرار كىن.

ئىش قىلىپ سالامەت بولايلى، يوقىرىدىن كەلگەن مۇنۇ ھۆرمەتلىك ئالىم ئالدىدا ئابلەتنىڭ يۈزى تۆكۈلمىسۇن، چۈنكى ئۇ نېمىلا بولمىسۇن بىزنىڭ مۇدىرىمىز - دە!

مانا پىكاپ ئىچى توپىغا توشتى، مانا بىز زۇۋاندىن قالدۇق. ھەممىمىزنىڭ كۆزى يولدا، شۇرقۇراپ ئېقىۋاتقان قۇم ئېقىمى، شېغىل - تاشلىق يولنى غىل - پال كۆرسىتىپ قويىدۇ - دە، كەلكۈن سۈيىدەك داۋالغۇيدۇ. دەھشەتلىك گۈركىرەشتىن قۇلاقلىرىمىز پۈتكەن، ماشىنا چىرىقىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ، يەنە كۆرۈنمەي قالىدىغان تاشيوللا بىزگە نىجادلىق، خۇشاللىق كەلتۈرگۈسى. بوراندا سىلكىنىپ كېتىپ بارغان ماشىنىمىزنىڭ ئاۋازىمۇ بىزنىڭكىدەك ئۆچكەن. ھەممىمىزنىڭ كۆزى يولدا، تاقىر، ھاكلانغاندەك ئاقىرىپ كەتكەن يول ئۈستىدە ساغۇچ، كۆلرەڭ توپىلار تىنىمسىز ئاقىدۇ. بۇ ئېقىن تومۇز كەلكۈنلىرىدەك سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك، دولقۇنلۇق. مەن بوراننى نۇرغۇن كۆرگەنمەن. لېكىن ئۇنىڭ مۇنداق ئادەمنى بۇرۇختۇم قىلىدىغان تىلسىم قايناملىرى بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن. مانا قاراڭغۇلۇق خۇددى بىرسى تۇيۇقسىز كۆزىمىزنى ئېتىۋالغاندەك بولدى. بىر نەچچە سېكۇنتلۇق تۈن قاراڭغۇلۇقىدا ئاغىنەم تالىپ سەگەپ قالدى. ئۇنىڭ توپاقنىڭ ھۆركىرىشىدەك يېقىمسىز، غەزەپلىك، قوپال ئاۋازى بىزگە ھاياتىمىزنىڭ خەتەرگە يولۇققانلىقىنى تېخىمۇ چۈشەندۈردى:

— ھەي ھارامتاماق ئىت شوپۇر، ساڭا گازنى ئۆچۈرمە دەپ نەچچە رەت ئېيتتىم؟ مانا ئەمدى ئالدىغىمۇ، كەينىڭگىمۇ ماڭالمايمىز، ئۆلمەكتىن باشقا ئامال يوق!

شوپۇر كەينىگە بۇرۇلۇپ خۇددى تالىپنى تىرىك يۇتۇۋېتىدىغاندەك ئالىيىپ ۋارقىرىدى:

— سەن نېمە بىلەتتىڭ سامان قورساق!

— قېنى ئوت ئالدۇرۇپ باقە، بىر كۆرۈپ باقاي؟

شوپۇرنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى بىكار بولدى. ئىمىلا قىلمىسۇن ماتور قايتا ئوت ئالمىدى. بەشىمىزدىن ھېچقايسىمىز بوران تىلىنى تالىپچىلىك بىلمەيدىكەنمىز. شوپۇرمۇ، مەنمۇ 10 بالدىن يۇقىرى بوران ئىچىدە قالغاندا ماشىنىنى بىر ئۆچۈرۈپ - بىر ياندۇرۇپ ماڭغۇزغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمىز.

بىزنىڭ نەمۇنىچى شوپۇرنىڭ بۇ قانۇنىيەتنى بىلمەسلىكى يامان ئەلەم قىلدى:

— ئوت ئالدۇرسەن، ماشىنىدىن چۈشۈپ قاپقىقىنى قايرىۋەت، ماي يولىدا چاتاق بولسا چۈندە دەيمەن! — بىزنىڭ ئابلەت شوپۇرنى نوقۇغىلى تۇردى. شوپۇر تامدەك تاتىرىپ پۈتى بىلەن تەپكۈچنى مىدىرلىتىپ ماشىنىسىنى غىڭشىلداتماقتا. ئابلەت مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ سەرگازدەك كۆكىرىپ ۋارقىرىماقتا:

— چۈش، قاپقىقىنى ئاچ، تېز ياسا، تېز ماڭ! — دەيدۇ ئۇ ھېلىدىن - ھېلىغا قارا تۈتەك بىلەن سېرىق تۈتەك ئالمىشىپ سېرىق قۇم - شېغىل تاشلار ئېقىۋاتقان يولغا ئالاقزادىلىك بىلەن تەلمۈرۈپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — بىرەر ھادىسە بولسا كاللاڭ بىلەن جاۋاب قىلىسەن!

— چۈشمەيمەن! — دېدى شوپۇرمۇ ۋارقىراپ، — ئالتە بالامنى كىم باقىدۇ؟ مېنى ئۆلۈمگە ئىتتىرىپ ئۆزەڭ ئامان قالماقچىمۇ؟ سېنىڭ نەرىڭ پارتىيە ئەزاسى؟

— ماشىنا بوران تۈۋىنىگە سۈرۈلۈۋاتىدۇ، يەنە ئازراقلا سۈرۈلسە نېمە بولىدۇ بىلەمسەن؟ قۇتقۇز، ئامال تاپ!

— سەن تاپ، سەن قۇتقۇز!

— سەن قۇتقۇزسەن!

لاشتى. ھەر خىل كېيىنگەن ئىدۇق، بىر خىل ساغۇچ توپا بىزنى چۈمكەپ بىر خىل توپا رەڭ قىلىپ قويدى. چىرايلىرىمىزمۇ كۆز، قۇلاق، ئېغىز، بۇرۇنلارغا توپا كىرىپ كەتكەنى ئۈچۈن بىر خىل رەڭگە كىرىپ، لايدىن ياسالغان ئادەمگە ئوخشاپ قالدۇق. بىزنىڭ كىچىككىنە ماشىنىمىز ھەر قېتىم سىلكىنگەندە بىر غېرىچتەك سىلجىپ بوران تۈۋىنىدىكى گوداڭغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. بىز ھازىر قەيەردە، قاچان دۈم كۆمۈرۈلىمىز؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەمما دۈم كۆمۈرۈلىمىز، قۇتۇلۇشقا ھازىرچە ئامال يوق. ماشىنىدىن چىقساق بوران بىزنى يوپۇرماقتەك ئۇچۇرۇپ ماڭىدۇ ۋە قۇم دولقۇنلىرى ئارىسىدا بۇرۇختۇم قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ. مانا بۇ ئاسان ئۆلۈمگە ھەممىمىزلا قايىل، لېكىن بىز ئۆلۈشنى خالىمايمىز!...

ماشىنا سىلجىماقتا، بوران — قاپقارا تونۇردىن چىقىۋاتقان ھۆل سامان ئىسىدەك ئاچچىق ئېقىن بىزگە ئۆزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ، بىزنى ئەجەل گودىڭىغا ئىتتىرمەكتە. بىز ئۆلۈشنى خالىمايمىز، قۇتۇلۇشنىمۇ بىلمەيمىز. مەن ھەمراھلىرىمغا قارىدىم. ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان ئالىم ئېسىل كېيىملىرى بىلەن ئىككىلىك قېلىنلىقتىكى توپىغا چۆمكىلىپ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، قوللىرىنى تىزىغا قويۇپ قېتىپ قالغاندەك جىمجىت ئولتۇرماقتا. ئۇ بەلكى ئۆلۈمنى ئەمەس، كەلگۈسىدە 12 بال بوران توغرىسىدا يازىدىغان ماقالىسىنىڭ مەزمۇنىنى ياكى مۇنۇ ئىنسانلارغا ئاپەت كەلتۈرىدىغان تەبىئەت ھادىسىسىنىڭ يولىنى توسۇشنىڭ ئۇسۇلى توغرىسىدا باش قاتۇرۇ-

ىنى ئېچىپ، ما-
چۇشتى. ماشىنى-
ك - تۇزاك بى-
ك كەينى چاقىغا
ۋارقىرىدى:
— قولۇڭنى!

بىلەن بىزنىڭ تالىپ يارامىلىق رەھبەرلەردىن
يولۇپ قالاتتى ئەمەسمۇ، ئىست، ئىست!...
مانا بىزنىڭ تالىپ ئاغىنى - تاغىل ۋارقى-
راپ ماشىنا ئىستىرەمەكتە. ئۇنىڭ بۇرنى قانى-
غان، لەۋلىرى يېرىلغان، پۇتۇن بەدىنى توپا-
تەر ئارىلاشمىسىدىن لايغا ئايلىنىپ، خۇددى

www.uygurkitap.com

تالىپ ھالسىزلىنىپ سۇنايلىنىپ ياتتى. لېكىن قوللىرى يەنىلا ماشىنىنى ئىتتىرمەكتە ئىدى. مەن پۈتۈن غەيرىتىم بىلەن چاقلارغا يامىشىپ يۈرۈپ ئۆمىلەپ ماشىنا ئىشىكىگە كەلدىم:

— ئابلەت، سەنمۇ چۈشكىن!

— نېمە؟ مەن ماۋۇنىڭغا يول كۆرسىتىۋاتىمەن!

— نېمە دېگۈلۈك؟ ئەمدى كىم ياردەمگە چۈشىدۇ؟ مېھمانمۇ؟

— مەن چۈشەي! — دېدى مېھمان مېنىڭ سوئالىمنى ئاڭلىغاندەك ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ. مەن ئەمدى ئابلەت چۈشىدۇ، نېمىلا بولمىسۇن ئۇ يۇقىرىدىن كەلگەن مېھماننىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولغاندىكىن مېھماننىڭ توپىدا يەر بېغىرلاپ مېڭىشىغا يول قويمايدۇغۇ، دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئابلەت خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك شوپۇرنىڭ بېشىدا دەۋەيلەپ، قوللىرىنى شىلتىپ، «ئوڭغا، سولغا!» دەپ يوليورۇق بېرىپ ئولتۇرماقتا.

ئاخىرى مېھمان يەرگە چۈشتى. مېھماننى كۆرۈپ ماڭا جان كىردى، تالىپقا غايىبتىن كۈچ پەيدا بولدى. ئىككى يېنىمدا ئىككى قاۋۇل يىگىت يەر بېغىرلاپ ماشىنا ئىتتىرمەكتە، ماشىنا ئەمدى خېلىلا ئىتتىك ئىلگىرىلىدى. مېھمان تولىمۇ تېمەن، قاۋۇل ۋە جاپادىن قورقمايدىغان يىگىت ئىكەن، ئۇ كۈچەپ ماشىنا ئىتتىرىپ كېتىۋېتىپ شۇنداق دېدى:

— بۇ قانچىلىك جاپا دەيسىلەر، بىردەملىك ئىش. ئون يىل خاك تېگىدە ھارۋا سۆرىگەنمەن!

چۈشىنىشلىك، بىز ماشىنىنى ئىتتىرىپ كېتىۋاتقانلار ئوخشاش ئادەملەركەنمىز: توپىغا مىلىنىپ شۇ ياشقا كەلگەنلەر، بولغانلىقىمىز

ئۈچۈن ئابلەتتەكلەرنى قۇتقۇزۇش بىزنىڭ باش تارتقىلى بولمايدىغان بۇرچىمىز ئىكەن!

بىردىنلا يورۇقلۇققا چىقتۇق، قارا تومان يوقالدى. بىز بىر - بىرىمىزنى كۆردۇق. لېكىن بوران يەنىلا ئادەم ئۇچۇراتتى. بىز قول تۇتۇشۇپ، بىر - بىرىمىزنى يۆلىشىپ ئورنىمىزدىن تۇرۇشتۇق، ئەمدى ماشىنا سىلجىمىدى. ھازىرقى بوران بىزگە راھەت بىلىنمەكتە. دەرەخلەر يىراقتىن كۆرۈندى، ئەتراپ سۈزۈك، بوران ھەممىلا نېمىنى تازىلىۋەتكەن. بىردەمدىلا ماشىنىنىڭ ئىچى - تېشى، بىزنىڭ ئۈستى - بېشىمىزنىمۇ چاڭ - توزاڭدىن تازىلاپ بىزنى راھەتلەندۈرۈپ قويدى.

ھېلىقى ئون نەچچە مېتر كېلىدىغان بوران ئېغىزى بىزدىن ئۈچ - تۆت مېتر نېرىدا بۇرۇختۇم، قاپقارا كۆرۈنمەكتە ئىدى.

— قۇتۇلدۇق! — دېدى ئابلەت بىرىنچى بولۇپ سۆزلەپ، — مېھماننى بالايى - قازادىن ساقلاپ قالدىم!

— ئابلەت جۆرىن سىز بولمىسىڭىز يامان كۆڭگە قالاتتۇق جۇمۇڭ! — دېدى تالىپ كۈلۈپ قويۇپ.


ئۇ ئەلۋەتتە تەنىنە قىلماقتا.

— مېھماننى ئۆمىلەتكىنى ئۈچۈن جۆرىنىنى ماختامسىنا؟

شوپۇر غەزەپ بىلەن ئابلەتكە ئالايدى.

— نېمە؟ ئۆزەڭچە رولنى مەن تۇتتۇم دەمسىنا؟ يوليورۇق كىمدىن بولدى؟ ساڭا ئوڭ - سولنى كىم كۆرسەتتى؟ — ئابلەت ئۆز تۆھپىسىنى دالۋاي قىلىپ ھەممىگە بىر قۇر قاراپ چىقتى. لېكىن ئۇنىڭ سوئالىغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. خۇددى ماشىنىنى ئىلگىرىلەتكۈچىلەرنى تىلغا ئالىدىغان ئادەم

# مېنىڭ بولتۇرقى ئىجادىيەت ئەھۋالىم



مەن دېھقانلارنى يېزىشقا ئامراق. مېنىڭ بىر قەدەر ياخشى يېزىلغان ئەسەرلىرىم ئومۇمەن يېزىغا بېغىشلانغان. شۇڭا مەن تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن ئومۇمەن يېزىلارغا بارىمەن. بولتۇر ئەتىيازدىن باشلاپ كەچكۈزگىچە تۇرپان، توقسۇن، پىچان، مەكىت، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا بولدۇم. 5 — 6 ئاي ۋاقىت ئىچىدە ئۆزگىرىۋاتقان دېھقان تۇرمۇشى، دېھقان ئېڭى، دېھقان ئەخلاقى، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ئۆزگىرىۋاتقان دېھقان خاراكتېرىگە دائىر خام ماتېرىياللارنى خېلى كۆپ توپلىدىم. يېزىلاردىكى ئۆزگىرىشلەر مېنى نۇرغۇنىيېڭى پىكىر، يېڭىچە قاراش ۋە ئەۋزەل ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. مەن ھېكايە، پوۋېست يېزىش بىلەن قانائەتلەنمىدىم. دېھقانلار ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى چوڭقۇر، كەڭ ۋە يېڭىچە قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن ھەجمى چوڭراق ئەسەر يېزىشنى كۆزلەپ، مەكىت — دولان ھاياتىنى تېما قىلىپ رومان يېزىشقا كىرىشتىم. ھازىر بۇ روماننىڭ كۆپ قىسمى يېزىلىپ بولدى. رومان دولانلىق بىر چوڭ ئائىلىنىڭ بىر نەچچە كۈنلۈك ئىشىنى مەركەز قىلغان. ئىسمى تېخى بېكىتىلمىگەن بۇ رومان قويۇق دولان تۇرمۇش پۇرىقى بىلەن ئەدەبىيات خەزىنىمىزگە كىرگۈسى، مانا بۇ مېنىڭ بولتۇر قىلغان ئەڭ زور ئەمگىكىم.

قانچە ئەخمەق بولسىمۇ يولداش ياخشى، قانچە ئەگرى بولسىمۇ يول ياخشى.

توزاقتىن قورققان قۇش قىرىق يىل ئاچا ياغاچقا قونمايدۇ.

تۆگمەندە تۇغۇلغان چاشقان گۈلدۈرمامىدىن قورقمايدۇ.

قاغا غازنى دورىسا پۇتى سۇنىدۇ.



# تاشچى ئۇستامنىڭ ھېكايىسى

(ھېكايە)

پەرھات جىلان

مەن بۇ ھېكايىنى 1972 - يىلى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ چاغدا مەن ناسىر ئۇستام بىلەن شېرىكلىشىپ تاشچىلىق قىلاتتىم.

ھېلىمۇ ھازىرقىدەك ئېسىمدە، تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇنداق كۈنلەردە ئۇلانباي تاشچىلىق مەيدانى بەئەينى تونۇرغا ئوخشايدۇ. قىزىپ كەتكەن ئۇيۇلتاشنىڭ چوغدەك ھارارىتى ئادەمنىڭ تېنىنى كۆيدۈرۈپ، نەپەسنى بوغىدۇ. قاقاس تاغ باغرىدا ئاپتاپتىن پانا بولغۇدەك ئالقانچىلىكمۇ سايىۋەن تېپىلمايدۇ.

ئاپتاپ ۋە شامالدا كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن يېرىم يالىڭاچ بەدىنىمدىن تەر شۇرقىراپ قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، قولۇمدىن شۇنداق دەيتتى. مەن بازغاننى يەرگە قويۇپ، تېلىپ كەتكەن بېلىمنى تەستە تۈزلەپ، ئىڭىرلاشقان قەدەملىرىم بىلەن ئىڭغاڭلاپ كېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇردۇم.

— بەك يە، بەك تۇر، دېگەن گەپ بار، — دېدى ناسىر ئۇستام، بوغچىسىدىن سۇدان ۋە زاغرا نانلارنى چىقىرىۋېتىپ.

مېنىڭ ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز تۈردە زوقۇم كېلەتتى. ئۇنىڭ بەستى ئوتتۇرا بوي بولۇپ، قۇيۇپ قويغاندەك تولۇق ۋە چىڭ ئىدى. گەرچە قويۇق ئۆسكەن بومبا ساقىلى ئاقىرىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ساغلاملىقىدىن قىزىرىپ تۇرىدىغان مەڭزىلىرىدە كۆزگە چېلىقىدەك قورۇق يوق ئىدى؛ نۇرلۇق قوي كۆزلىرىدە

قىياپەتتە بىر ئەسناغىچە شوك بولۇپ قالدى، ئاندىن ھەر دائىمقىدەك ئالدىرىماي سۆزلىدى:

— بىزلەر ياش چاغلىرىمىزدا تازىمۇ قارام لۈكچەكلەردىن ئىدۇق. مەن - مەن دېگەن نوچىلار بىلەن مۇشتلىشىپ تۇرىدىغان، مۇشتلاشقاندىمۇ ھېچقاندىقىغا بوش كەلمەيدىغان... لېكىن ئۇنىڭدىن ئىمە پايدا چىقتى؟

ئۇ يەنە بىرئاز خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، دوپپىسىنى بېشىغا كىيىشۇپلىپ ياناپاشلىدى.

— لۈكچەكلىكتىن پايدا يوق... — دېدى ئۇ ۋە يەنە بىر ئاز جىم بولغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى:

— ئادەم بولسا بىزنىڭ ئۇرايىماخۇندەك بولسا بولىدۇ.

ئۇ «ئىبراھىم» دېگەن ئىسمىنى «ئۇرايىم» دەپ تەلەپپۇز قىلاتتى.

— ئۇرايىماخۇن دېگەنلىرى كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

ناسىر ئۇستام چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى-دە، قايتىدىن چەزانى قۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر باشقىچە ھاياجانلىنىش سېزىلدى.

— بىزنىڭ تۇرپاندا ئۇرايىماخۇن دېگەن بىر يىگىت بار ئىدى، — دېدى ئۇ، — يىگىت بولغاندىمۇ ئاجايىپ يىگىت ئىدى جۇمۇ!

بۇ كەم سۆز، ئېغىر-بېسىق قېرى تاشچىنىڭ شۇنچە زوق بىلەن بېرىلىپ سۆزلىشىنى مەن تېخى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتىم. ئۇ، سۆزلىگەنسېرى جانلىنىپ تۆۋەندىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى:

— بىز ئۇنىڭ بىلەن كىچىكىمىزدە يالقۇنتاغ بويىدىكى بىر مەھەللىدە بىللە ئۆسكەنىدۇق. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش بىر ئاددىي دېھقاننىڭ بالىسى ئىدى. ئۇرايىماخۇننىڭ ئاتىسى رەھمەتلىك گايىت ئاكام ئۆزى دېھقان بولسىمۇ، كىتاب كۆرىدىغان موللا ئادەم ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئوغلىنى تېخىمۇ چوڭراق موللا بولسۇن دەپ ئۇرۇمچىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويدى. شۇ كەتكەنچە ئۇرايىماخۇن ئۇزۇن يىللارغىچە تۇرپانغا كەلمىدى. كېيىن ئۇقساق، ئۇ ئۇرۇمچىدىكى كاتتا مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئەپەندى بولۇپ، قايسىدۇر بىر ئىدارىدە خىزمەتكە ئورۇنلىشىپتۇ.

1947 - يىلى ياز كىرىشى بىلەن ئۇ يالقۇنتاغقا قايتىپ كەلدى. بىز ھەممىمىز بۇ كاستۇم كىيىپ، چاچ قويۇۋالغان سالاپەتلىك ئەپەندىنى كۆرۈپ، بىز بىلەن بىللە يايداق ئاتقا مىنىپ، پادا بېقىپ يۈرگەن ھېلىقى يالىڭاياق ئۇرايىمنى تونۇيالمايلا قالدۇق. ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ، زىيادە گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالمايتتۇق. ئەمما ئۇ باشقا ئەپەندىلەردەك ئۇنداق ھاكاۋۇر ئەمەس ئىدى. ئۇ بىزلەر بىلەن ئوچۇق - يورۇق سالاملىشىپ، ئۆيلىرىمىزگە بېرىپ، بولەكچىلا قىزىق پاراڭلارنى سېلىپ بېرەتتى. بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۆزلىشىپ، بۇرۇنقىدەكلا ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇشۇپ كەتتۇق.

بۇ چاغدا تۇرپاننىڭ ھەممىلا يېرىدە تازا مالىمانچىلىق بولۇۋاتاتتى. بىر توپ قوراللىق كىشىلەر سىڭگىم تاغلىرىغا چىقىۋېلىپ، يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپتۇ، ئۇلار ئۆيەر - بۇيەردە گومىنداڭچىلارغا تېگىش قىلىۋېتىپتۇ دېگەن گەپلەر چىقتى. يالقۇنتاغ ۋە سىڭگىم ئەتراپىدىكى جايلارغا ھەربىيلەر تولۇپ كەتتى. ساقچىلار ھە دېسىلا «سىڭگىم ئېغىزىدىكى ئوغرىلار بىلەن ئالاقىسى بار» دەپ، ئادەم تۇتقىلى

تۇردى. يۇقىرىلار يىراق - يېقىنغا بارالمايدىغان، ئەتىسى - ئاخشىمى تالا - تۈزگە چىقالمايدىغان بولۇپ كەتتى.

بۇ ئىشلارغا قاراپ ئىچىم قايناپ، ئۆزەمنى ئاران تۇتۇپ يۈرەتتىم. بىر كۈنى گۇگۇم چۈشكەن مەھەلدە ئۇرايىماخۇن ئىككىمىز ئىشىك ئالدىدا تاماكا چېكىشىپ ئولتۇراتتۇق. ئۇشتۇمتۇت نېرىقى كوچىدىن مىلتىق ئاسقان بىر ئەسكەر چىقىپ كېلىپ ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ يۈرىكىم سىلىپ كەتتى. ئولتۇرغان يېرىمدىن تۇرۇپ كەتكىنىمنى ئۆزەممۇ بىلمەي قاپتىمەن.

— ھە، نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇرايىماخۇن.

— كۆردۈڭمۇ، ئاۋۇ ئۈستەڭ تەرەپكە كېتىۋاتىدۇ، — دېدىم مەن ھېلىقى ئەسكەرنى ئىشارەت بىلەن كۆرسىتىپ.

— ئۈستەڭ تەرەپكە كېتىۋاتسا نېمە بوپتۇ؟ — دېدى ئۇرايىماخۇن ۋە پەيلىمنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپ بىلىكىمدىن چىڭ تۇتۇۋالدى.

— شۇ يەرگە بارغاندا ئۇ گۈيتۇزنىڭ گېلىنى بوغۇپلا ئۈستەڭگە تاشلىۋېتىپ، مىلتىقىنى ئېلىپ قاچىمەن، سىڭگىم ئېغىزىغا كىتىمەن، — دېدىم ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىشقا ئۇرۇنۇپ.

— ساراڭلىق قىلما، ناسىر! — دېدى ئۇرايىماخۇن ۋە بوينۇمدىن قاماللاپ ئېلىپ، مېنى سۆرەشتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىردى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇرايىماخۇن ماڭا نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئىچكىرىدە بولۇۋاتقان ئىنقىلاب، ھىللىپ ئارمىيىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئىلغار ياشلارنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ۋە يەنە كۆپ ئىشلار توغرىسىدا پاراڭ سېلىپ بەردى.

— شۇنداق بولغاندىن كېيىن بىزمۇ ئازتولا قورال تېپىشنىڭ كويىغا چۈشمەيمىزمۇ، — دېدىم مەن جۇدۇنۇم ئۆرلەپ.

— بۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى ئۇرايىماخۇن ۋە كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرۇپ قوشۇپ قويدى، — سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلىشقا بولمايدۇ.

— ئەمىسە، قانداق قىلسا بولۇر؟

— مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىش كېرەك، — دېدى ئۇ ۋە ماڭا مەنىلىك قاراپ قويدى.

مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ قالدىم ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارىدىم.

— پەيتى كەلگەندە ساڭا دەيدىغان گېپىم بار، — دېدى ئۇ ۋە ئارتۇق سۆز قىلمىدى.

مەن ئۇنى ھەر قانچە قىستاپ باقساممۇ ئۇ زادىلا گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدى. ئۇ ئاخشام شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى.

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندىلا ئۇرايىماخۇن بىزنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلدى، تام تۈۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشتۇق.

— يادىڭدا بارمۇ؟ مەن ساڭا «پەيتى كەلگەندە دەيدىغان گېپىم بار» دېگەنىدىم، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ.

— يادىمدا بولمايچۇ، — دېدىم مەن، — ھە، قانداق گەپ ئۇ؟

— ئىشەنچلىك ئادەملەر بىلەن قىلىدىغان بىر ئىش بار، — ئۇرايىماخۇن شۇنداق

— بىر يەردىن ئېلىپ چىقىدىغان مال بار، — دېدى.

— مال؟ — سورىدىم مەن ئۇنى چۈشەنمەي، — قانداق مال ئۇ؟

«ئۇنى ئاڭلىق، ياخشى ئادەم دەپ ھۆرمەتلەپ يۈرسەم، ھارام مالنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقىنىنى قارىغىنا!» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ئۇنىڭدىن رەنجىپ.

— قانداق؟ قورقامسەن؟ — دېدى ئۇ يەنە كۆزلىرىمگە تىكىلىپ.

مەن گەپ قىلماستىن ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەنىدىم، ئۇرايىماخۇن قولۇمدىن قوپاللىق بىلەن تارتىپ يەنە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ۋە:

— ئۇ مالنى كۆرسەڭ چوقۇم خۇش بولىسەن... — دەپ قايتا سۆز باشلىغانىدى، مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتىم:

— خاپا بولمىغىن، ئۇرايىماخۇن، ئۇنداق ئىشنى قىلالمايمەن. لۈكچەكلىكىمگە قاراپلا مېنى كانتۇلۇق قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغىن. كەمبەغەل بولسامۇ، بىر پارچە نېنىمنى ھالاللاپ يەپ كېلىۋاتىمەن. ئۇرۇق - ئەۋلادىمىزدىنمۇ كانتۇ چىقمىغان.

— ئەمىسە، ئۆستەڭ بويىغا كېتىۋاتقان ئەسكەرنىڭ گېلىنى بوغۇپ نېمە قىلاتتىڭ؟ — دېدى ئۇرايىماخۇن يەلكەمگە شاپىلاقلاپ قويۇپ.

مەن ئۇنىڭ تەنە قىلىۋاتقان ياكى چاقچاق

— ئۇرايىماخۇن، سېنىڭ مال دېگىنىڭ مىلتىقمىدى؟ — مەن ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي، ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنراق سىلجىپ سورىدىم.

— توغرا، مىلتىق، قورال!

ئۇرايىماخۇن ئەمدى ماڭا كۈلۈپ قارىدى.

— باشتىلا شۇنداق دېسەڭ بولمامدۇ. ئۇنداق ئىشنىڭ بولسا مانا مەن تەييار، جېنىمنى تىكىپ قويدۇم، — دېدىم مەن ھەيدەمگە ئۇرۇپ، — ھە، قېنى ئېيتقىنا، قورالنى قەيەردىن ئالىمىز؟ قاچان؟

— بۈگۈن چۈشتە. قەيەردىن ئالىدىغانلىقىمىزنى شۇ چاغدا كۆرىسەن.

— ئاندىن كېيىن قانداق قىلىمىز؟

— ئاندىن كېيىن سىڭگىم ئېغىزىغا كېتىمىز.

شۇنداق قىلىپ، پېشىن ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇرايىماخۇنلارنىڭ ئۆيىدە ئوبدان غىزالىنىۋالدۇق. ئۇرايىماخۇننىڭ ئاتىسى گايىت ئاكام قاتتىق ھەسرەتلەنگەن بولسىمۇ زارلانمىدى. ئەكسىچە، ئۇ بىزنى ئالدىرىتاتتى:

— چاپسان بولۇڭلار بالىلىرىم، تېزرەك كېتىۋېلىڭلار. ئەمدى بولمايدىغان يېرىگە كېلىپ قالدى. بۇ قانخورلار ھامان سىلەرنى تۇتقىلى كېلىدۇ، تېزرەك كېتىۋېلىڭلار. تېخى تۈنۈگۈن ئاخشاملا نېرىقى مەھەللىدىكى ياسىن قارىنىڭ ئىككى ئوغلىنى بىراقلا تۇتۇپ كېتىشتى...

ئاندىن گايىت ئاكام مېنىڭ قوللىرىمنى

www.uyghurkitap.com

— ئوغلۇم ناسىر، سەن بىزنىڭ ئالدىمىزدا چوڭ بولغان، ئۆز بىزنىڭ ئوغلىمىزغا ئوخشاش. ئۇرايىم بىلەن ئىككىڭلارمۇ خۇددى ئاتا - ئىنىدەك بىللە ئويناپ ئۆسكەن. بىر - بىرىڭلاردىن ئايرىلماڭلار. ئۇرايىم شەھەردە كۆپ تۇردى. قاتتىق - قۇرۇق، مۇشكۇللۇكلەرگە كۆنەلمەي قالسا، ئۇنىڭغا ئوبدان يار - يۆلەكتە بولۇرسەن.

— غەم قىلمىغىن گايىت ئاكا، — دېدىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — مەن ناسىرنى ئۆزەڭ بىلسەڭغۇ. ئۇرايىماخۇن مەن بىلەن بىللە بولسا ھېچقانداق جاپا تارتمايدۇ دېسىنا. غەم قىلمىغىن گايىت ئاكا، مەن ئۇنىڭ سايىسىدەك نەگە بارسا يېنىدىلا بولىمەن.

ئاغزىمدا شۇنداق دېگىنىم بىلەن ئاتا - بالىغا قاراپ، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. بولۇپمۇ، ئۇرايىماخۇننىڭ ئانىسى سەيدىخان ئاپلامنىڭ يىغىسى يۈرىكىمنى ئېزىۋەتتى. شۇ تاپتا ئۆزەمنىڭ يېتىملىكىمگە ئىچىمدە شۈكۈر قىلدىم. ئاتا - ئانام ئاللىقاچان قازا تېپىپ يېتىم بولۇپ، خوتۇندىن تەلىيىم چىقماي بويتاق بولۇپ يۈرۈردۈم. ئاتا - ئانام ھايات بولسا، ماڭمۇ ئۇلاردىن ئايرىلىش قانچىلىك مۇشكۇل بولۇردى!

بىز خوشلىشىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇزا...
گايىت ئاكام بىلەن سەيدىخان ئاپلامنىڭ... رايلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. كېتىۋ... ئۇرايىماخۇنغا قارىسام، ئۇنىڭمۇ بېشى س... لاپ كېتىپتۇ. كىم بىلسۇن، ئاتىسىنىڭ ق... لاشلىرى ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىۋە... دۇر، ئانىسىنىڭ سۆيۈشلىرى ئۇنىڭ ماڭل... كۆيدۈرۈۋاتقاندۇر. ئاھ خۇدا، بىز خەققە... تارتقۇلۇق بۇ - ھە!

شۇ خىياللار بىلەن بولۇپ كېتىپ، كېتىۋاتقىنىمىزغا دىققەت قىلماپتىمەن. چاغدا قارىسام، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئا... كېلىپ قاپتۇق.

— ئۇرايىماخۇن، ساقچىنىڭ ئالدىغا ... قالدۇققۇ؟ — دېدىم مەن ھەيرانلىقتا.

ئۇرايىماخۇن جاۋاب بەرگىچە، ياللۇ... دىكى ھەممە ئادەم تونۇيدىغان تۇرسۇن س... ئالدىمىزغا چىقىپ كەلدى - دە، بىزنى... دىراتقىلى تۇردى:

— بولۇڭلار، بولۇڭلار! مەن سىلەرنى س... تۇرغىلى نەگاخ. باشقا ساقچىلار چۈشلۈك... ماققا چىقىپ كېتىشتى. تېز بولايلى.

— قوراللارنى تەييارلاپ قويدۇڭمۇ؟ — دېدى ئۇرايىماخۇن ساقچى ھوپلىسىغا كې...

تە، ھويلىنىڭ نېرىقى بۇلۇڭىدىكى ئاتخانىغا كىردۇق. قوراللار بىلەن ئوقلارنى ئۈچ ئاتقا بۆلۈپ تاڭدۇق ۋە شۇ ئۈچ ئاتقا مىنىپ تېكىۋەتتۇق. ئىشىمىزنىڭ مۇنداق ئوڭۇشلۇق باشلانغىنىدىن كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ تېخىمۇ غەيرەتلىنىپ كەتتىم.

— ھەي، دوستۇم تۇرسۇن، دېگەن بىلەن ئوغۇل بالا ئىكەنسەن جۇمۇ! — دەپ ۋارقىرىدىم مەن چۆلدە ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ.

تۇرسۇن ساقچى گەپلىرىمنى ئاڭلىدىمۇ، ئاڭلىمىدىمۇ، ئىشقىلىپ ماڭا قاراپ قويۇپلا ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋەردى.

شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى سىڭگىمگىمۇ يېتىپ كەلدۇق، تاغ ئۈستىگە چىقىپ، پارتىزانلار بىلەنمۇ كۆرۈشتۇق. ئابدۇراخمان مۇھەندى ئەپەندى بىزنى قارشى ئېلىپ، ئۈچىمىز بىلەن ئايرىم - ئايرىم قول ئېلىشتى. بىز ئېلىپ كەلگەن قوراللىرىمىزنى ئابدۇراخمان ئەپەندىگە تاپشۇردۇق. ئۇ، ئىككى ئاپتوماتنى ئۇرايىماخۇن بىلەن تۇرسۇن ساقچىغا، بىر مىلتىقنى ماڭا تۇتقۇزدى. قالغان مىلتىقلارنى باشقا پارتىزانلارغا تارقىتىپ بەردى.

— ھە، ئەمدى مۇرادىڭغا يەتتىڭمۇ؟ — دېدى ئۇرايىماخۇن، قولۇمدىكى مىلتىققا ھەۋەسلىنىپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ.

— مەقسەتكە يەتتىم دېسىنا، ئۇرايىماخۇن، — دېدىم مەن، — ئوقۇغان ئادەم دېگەن باشقىچە بولىدىكەن - دە! بۇ ئىشنى تازىمۇ بەلەن توغرىلاپسەن جۇمۇ. ھەي، بۇ مىلتىقنىڭ كاتتىلىقىنى كۆرمەمسەن!

ئۆپچۆرەمگە قارىسام، پارتىزانلار ئىچىدە مەن تونۇيدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. سالاملاشتۇق، ئەھۋاللاشتۇق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپمۇ داۋۇت ئاكامنى كۆرۈپ بۆلەكچىلا خۇش بولدۇم. بۇ ئاقساقال پالگان بىز تېخى كىچىك بالا بولغان چاغلىرىمىزدا تۆمۈر سىلىڭغا ئەسكەر بولۇپ، ئاقسۇ، قەشقەرلەرگە بارغان؛ كېيىن يارىدار بولۇپ، تۇرپانغا قايتىپ كەلگەن؛ يېقىندا قولغا ئېلىنىپ، يەنە قېچىپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى سىڭگىمگە كېلىپ ئۇنى يەنە كۆردۈم.

— ھە ناسىر، سەنمۇ ئۆيدە ئولتۇرالماي قاپسەن - دە، — دېدى ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ.

— ھەي داۋۇت ئاكا، جاھاندا مەنلا گاڭگۇك دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا سۆز ياندۇرۇپ، — ئانىسى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان ئادەم بۇ كۈنلەردە قانداقمۇ ئۆيدە ئولتۇرالىسۇن.

— بولدى، زىيادە پاراك سالما، جەڭ بولغاندا مۇشۇ گېپىڭدە تۇرالىساڭ ھېساب، — دېدى داۋۇت پالگان ۋە يوغان مۇشتۇمى بىلەن مەيدەمگە ئۇرۇپ قويدى.

بۇ يەرگە توپلانغان پارتىزانلار خېلى كۆپ ئىدى. يەملىشىمچە، ئالاھەزەل ئىككى مىڭغا باراتتى. لېكىن، قورالنىڭ ئىشى چاتاق ئىكەن. قورال تۇتقانلار ئاران ئىككى - ئۈچ يۈزدەك بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ بىرمۇنچىلىرى كونا ئوۋ مىلتىقلارنى ۋە بەدەۋلەتنىڭ دەۋرىدىن قالغان قارا مىلتىقلارنى كۆتۈرۈپ يۈرەتتى.

— كېرەك يوق، قېرىنداشلار، قورالنى جەڭدە دۈشمەننىڭ قولىدىن تارتىۋالىمىز، — دەيتتى ئابدۇراخمان مۇھەندى پارتىزانلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ.

بىزمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىشقا بەل باغلىدۇق. ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي مەشق قىلدۇق، مىلتىق ئېتىشنى ئۆگەندۇق. پات ئارىدا

www.uyghurkitap.com

دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىشىنى كۈتۈپ تەييارلىق كۆردۇق.

دېگەندەك، بىز كېلىپ ئەتىسى كۈنى گومىنداڭچىلار ھۇجۇم قوزغىدى.

— قورال تۇتقانلار ئالدىغا ئۆتۈپ، جەڭگە تەييارلىنىڭلار! قورالى يوقلار ئۆزەڭلەرنى دالدىغا ئېلىڭلار! — ئابدۇراخمان مۇھەندى بۇيرۇق بەردى.

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پولېميوت ۋە ئاپتوماتلاردىن ئوق ياغدۇرۇپ، «سا! سا!» دەپ سۈرەن سېلىپ، بىز تۇرغان تۆپىلىككە يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى.

— ئېتىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئابدۇراخمان مۇھەندى.

پارتىزانلار قوراللىرىنى ئىشقا سالدى. راستىنى ئېيتسام، دەسلەپتە سەل قورققاندەك بولدۇم. تومۇز ئاپتىپىدا قىزىپ كەتكەن قۇمغا مەيدەمنى يېقىپ، چوقچىيىپ تۇرغان بىر قورام تاشنىڭ تۈۋىدە ياتاتتىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپرەك قاراپ باقسام، چۇقان - سۈرەن سېلىپ كېلىۋاتقان گومىنداڭچىلارنىڭ سانى يوق. ئۇلار بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتقان ئوقلىرى باشلىرىمىزنىڭ ئۈستىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ تۇراتتى، ئەتراپىمىزدىكى قۇم ۋە تاش پارچىلىرىنى چاچرىتىپ ئۇچۇرتاتتى. يېنىمغا قاراپ باقسام، ئۇرايىماخۇن بىلەن تۇرسۇن ساقچى ئاپتوماتلىرىنى تاراسلىتىپ ئېتىشىۋاتىدۇ. ئەنە، ئاقساقال داۋۇت پالگانمۇ خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك تەمكىنلىك بىلەن مىلتىقىنى بەتلەپ، زەمگە كايىدىم ۋە تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن مىلتىقىمنى توغرىلاپ ئاتتىم. ئاندىن يەنە ئاتتىم، يەنە ئاتتىم... قوللىرىمنىڭ تىترىشى ۋە يۈرىكىمنىڭ سېلىشى ئاستا - ئاستا بېسىقتى.

ئېتىشماق راسا قىزىپ كەتتى. ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەردىن بىر نەچچىسى يىقىلغىنىچە قىمىرلىيالماي يېتىپ قالدى. بىز تەرەپتىنمۇ بىر نەچچە كىشىگە ئوق تەگدى. ئارقىدا مۆكۈنۈپ تۇرغان كىشىلىرىمىز يۈگۈرۈپ كېلىپ، قۇربان بولغان ۋە يارىلانغانلارنىڭ قوراللىرىنى ئېلىپ جەڭگە چۈشتى.

دۈشمەنلەر گاھ يېتىۋېلىپ، گاھ يۈگۈرۈپ خېلى كۈچەپ باقتى - يۇ، ئامال قىلالمىدى. بىزلەر قىلچە تەۋرىمەستىن شۇنداق باپلاپ ئاتقىلى تۇردۇقكى، ئاخىرى ئۇلار بىرتالاي ئادەمدىن ئايرىلىپ، چېكىنىپ كېتىشتى. تۆۋەنگە قاراپ باقسام، سوزۇلۇپ، تۈگۈلۈپ، ئوڭدا - دۈمدە ياتقان ئەسكەرلەرنىڭ جەسەتلىرى ھەممىلا يەردە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

لېكىن، ئىش ئۇنىڭ بىلەن پۈتمىدى.

— قاراڭلار، يەنە باشقا ئەسكەرلەر كېلىۋاتىدۇ، — دېدى بىر ياش پارتىزان قولى بىلەن يىراقتىكى تۆپىلىكنى كۆرسىتىپ.

دەرۋەقە، كۆز يەتكۈدەك ئارىلىقتىكى شۇ تۆپىلىككە قانداقتۇر مىلتىققا ئوخشايدىغان بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان ئەسكەرلەر كۆرۈندى.

— ئاران بىر نەچچىلا ئادەممۇ، — دېدى يەنە بىر پارتىزان.

بوتۇلكىسىدەكلا بىر نىمىنى سالاۋىرۇۋىدى، بىز تۇرغان تۆپىلىككە بىر مىنا چۈشۈپ شۇنداق پارتلاپ كەتتىكى، قۇم ۋە تاشلارنى تەرەپ - تەرەپلەرگە ئۇچۇرتۇپ كەتتى.

— يېتىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇرايىماخۇن. پارتىزانلار ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ، دالدا بولغۇدەك جايلارغا يېتىۋېلىشتى.

ئەسلىدە ئۇيەر - بۇيەرگە تىكلەپ قويۇلغان مىناميوتلاردىن بىر نەچچىسى بار ئىكەن. ئەتراپىمىزغا مىنالار كەينى - كەينىدىن چۈشۈشكە باشلىدى. قولاقنى يارغۇدەك پارتلاشلار ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتتى. شۇ مىناميوت دېگەن نېمىلەر بىزنى بەك ۋەيران قىلىۋەتتى. ئەسلى قورالنىڭ كاتتىسى شۇ ئىكەن جۇمۇ! قولىمىزدىكى ئازغىنا ئاپتومات، بەش ئاتار، قارا مىلتىقلار بىلەن ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرغىلى بولسۇن!

دەھشەتلىك پارتلاشلار ئىچىدىن ياردار بولغان پارتىزانلارنىڭ ئىڭراشلىرى، قالايمىقان ۋارقىراشلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىر مۇنچە ئادەملىرىمىز قازا تاپتى. مىنالار توختىماي چۈشۈۋەردى.

يېقىن جايلاردا پارتلىغان مىنالار ئۇستىبېشىمىزنى قۇمغا كۆمۈۋەتتى. مەن يەرگە يېپىشىۋېلىپ، ئىمان ئېيتىپ ئەجىلىمنى كۈتۈپ

بان بولغان، ساق قالغانلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ بىرمۇنچىلىرى ياردار بولۇپ ياتاتتى.

— ئات! — كۈچلۈك ئاۋازدا بېرىلگەن بۇيرۇق قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىلا ياڭرىدى.

بۇ ئۇرايىماخۇن ئىدى. ئۇ، ئاپتوماتتىن ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. باشقا پارتىزانلارمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئوق ئېتىشقا كىرىشتى. ئېتىشماق يەنە باشلىنىپ كەتتى.

دۈشمەنلەرنىڭ پىيادىلىرى بىر ياقتىن، ئاتلىقلىرى بىر ياقتىن قىستاپ، بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. مەن پۈتۈنلەي ئۆزەمنى ئۇنتۇغانىدىم. «ئۇلارنى يېقىن كەلتۈرمەسلىك كېرەك» دېگەن ئويدىن باشقا ھېچنەرسە كاللامغا كىرمەيتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بېرىلىپ چەنلەپ ئاتاتتىم. ھەر بىر دۈشمەننىڭ يىقىلغىنىنى كۆرگىنىمدە ئىچىمۇ قىزىپ كېتەتتىم.

— ئاتلىقلار يېقىن كېلىپ قالدى! — دەپ ۋارقىرىدى تۇرسۇن ساقچى ئۇرايىماخۇنغا نېرىقى بىر چەتنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ.

— تۇرسۇن، داۋۇت ئاكا، ئىككىڭلار بۇ يەردىكىلەرگە مەسئۇل بولۇڭلار! — دېدى ئۇرايىماخۇن ۋە بىر نەچچە پارتىزاننى ئەگەشتۈرۈپ، ئاتلىق ئەسكەرلەر يېقىنلاپ

ساقچى.

— ئات! — دەپ ۋارقىرايتتى ئۇرايىماخۇن. ھايات - ماماتلىق جەڭدىكى پەيتتە مەردانىلىق بىلەن كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، باتۇرلۇق ۋە پاراسەتنى بىرلەشتۈرەلىگەن ئادەم جەڭچىلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى چىڭىتىپ، غەيرىتىنى ئاشۇرىدۇ ۋە ئەڭ ياخشى باشلامچى بولۇپ قالىدۇ. شۇ تاپتا ئۇرايىماخۇن بىلەن تۇرسۇندىن ئىبارەت بۇ ئىككى قەيسەر يىگىت ئۆزلۈكىدىنلا پارتىزانلارنىڭ ئىشەنچلىك كوماندىرلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى.

ئۇرايىماخۇن قولىدىكى ئاپتوماتنى ئاتاتتى، بۇيرۇق بېرەتتى، بىر دەم ئۇيەردە، بىر دەم بۇيەردە پەيدا بولاتتى، قەيەر خەتەرلىك بولسا شۇ يەرگە ئۆزىنى ئاتاتتى. ئۇ، بەئەينى يالقۇنلاپ ئېتىلىپ تۇرغان ئۆچمەس ۋۇلقانغا ئوخشايتتى.

— ئاتلىقلار!... ئەنە...

— كېلىپ قالدى...

— كەلدى!

بىر نەچچە پارتىزان سەكرەپ تۇرۇشۇپ قاچتى. ئۇرايىماخۇن شىردەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسىۋالدى.

— توختا! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئاپ-

— ئوق ئاز قالدى!

— مېنىڭ ئوقۇم تۈگىدى!

پارتىزانلارنىڭ تەشۋىشلىك ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— قېرىنداشلار! — دېدى ئابدۇر مۆھىندى ھەممىگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ، — چېكىنمەيلى. ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ، مىـ ئارمىيىگە قوشۇلىمىز. ئاتلىنىڭلار، قېرىن

پارتىزانلار ئارقا تەرەپتىكى جىراغ شۇرۇپ قويۇلغان ئاتلارغا قاراپ يۈگۈر

بىز بىرنەچچەيلەن تېخىچە ئوق ئېتىشىۋات

بىر پارچە زور تاشنىڭ كەينىدە تىزلـ تۇرۇپ ئاپتومات ئېتىۋاتقان تۇرسۇن س ئۇشتۇمتۇت ئارقىسىغا يىقىلىپ يېتىپ قا ئۇنىڭغا قاراپ دەپ تۇرغىچە، داۋۇت پا نىڭسول بىلىكى قىپقىزىل قانغا بويالغا نى كۆردۈم.

— داۋۇت ئاكا! — مەن ئۇنىڭ ي ئېتىلىپ كەلدىم.

— مېنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، سىر، چېكىنىڭلار! — دېدى داۋۇت پالگا مىلتىقىنى ئوقلىدى:

— داۋۇت ئاكا...

لېكىن ئۇ مېنىڭ قايتا ئېغىز ئېچىش

بولا قويمىدى.

ئۇرايماخۇن... تەرلىشىپ كەتكەن چاچلىرى ماڭلىيىغا چاپلىشىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، ئاق كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرىنى تۈرۈپ، ياقىسىنى كەڭ ئېچىۋەتكەن ئۇرايماخۇن ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇياققا قارىتىپ ئاپتوماتتىن ئوق ئۈزەتتى.

— ئۇرايماخۇن، بولدى! ئەمدى كېتەيلى، — دېدىم مەن ئۇنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ كېلىپ.

ئەمما، ئۇنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى. ئاپتوماتىنىڭ ئوقى تۈگىگەندە قۇربان بولغان بىر پارتىزاننىڭ مىلتىقىنى ئېلىپ يەنە ئاتتى. ئۇنىڭمۇ ئوقى تۈگىگەندە يۈگۈرۈپ بېرىپ، تاشلىنىپ قالغان بىر گراناتنى ئېلىپ ئاتتى. ئاندىن، دۈشمەنگە قارىتىپ ئاتقۇدەك يەنە نېمە بار ئىكەن دېگەندەك قىلىپ، ئەتراپتا ياتقان پارتىزانلارنىڭ جەسەتلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ توختاپ قالدى.

— ئەمدى چېكىنەيلى... ناسىر... — دېدى ئۇ بوغۇلغان ئاۋازى بىلەن.

ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىسام داۋۇت پالگانمۇ جان ئۈزۈپتۇ. ئۇ، خۇددى نەپەسى توختىغاندىن كېيىنمۇ دۈشمەننى تۇساپ قالماقچى بولغاندەك، تېخىچە مىلتىقىنى تۇتۇپ دۈم ياتاتتى.

يۈرىكىم ئېچىشىپ ئۆرتىنىپ كەتتىم. ھەي، ئالۋاستىلار، يەڭدۇق دەپ خۇشال بولۇشما! بۇ، ماختانغۇدەك ئۇتۇق ئەمەس. ياق! سەنلەر نامەرتلىك قىلىشتىڭ. سەنلەردىكى قوراللار بىزدىمۇ بولسا ئىدى، ئاز بولساقمۇ تۇرپانلىقنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىپ قوياتتۇق! ھېلىقى مىنامىيوت دېگەندىن بىزدە بىرسى بولغان بولسىمۇ...

— ماڭ، تېز بول! — ئۇرايماخۇن بىلەكىمدىن كۈچ بىلەن تارتتى. ئاندىن يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ نېرىدا ياتقان بىر ئاپتوماتنى ئېلىپ بويىنىغا ئاستى. ئىككىمىز ئارقا تەرەپتىكى جىراغا چۈشۈپ، ئۈركۈپ، تېنەپ يۈرگەن ئىككى ئاتنى تۇسۇۋېلىپ مىنىدۇق ۋە ئابدۇراخمان مۇھەممەدى باشچىلىقىدا چېكىنىپ كېتىۋاتقان بىر نەچچە يۈز پارتىزاننىڭ كەينىدىن ئات سالدۇق. بىراق، جىرادىن چىقىشىمىز بىلەنلا مېنىڭ ئېتىمغا ئوق تەگدى. ئات يىقىلدى. مەن ئاتنىڭ بويىنىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ نەچچە دومىلاپ كەتتىم. ئاندىن دەرھال قوپۇپ، ئۇدۇلدىكى بىر تۆپىلىككە چىقىپ يېتىۋالدىم. بۇ جايدىن چېكىنىپ كېتىۋاتقان پارتىزانلار ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىن يېتىشەي دەپ قالغان ئۇرايماخۇن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىزىدىغا چۈشكەن گومىنداڭنىڭ بىر تۈمەن ئاتلىق ئەسكىرى چۇقان سېلىپ قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ ياتاتتىم. شۇ ئەسنادا ئۇرايماخۇن ئېتىدىن ئاخلاپ چۈشۈۋالدى - دە، ئاپتوماتىنى قولىغا ئېلىپ، جەينەكتەك چىقىپ تۇرغان تاغ تۇمشۇقىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ مۆكۈنۈپ تۇردى. ئاتلىق گومىنداڭچىلار تاغ كەينىدىن چىقىپ كېلىشى بىلەن تەڭ ئۇرايماخۇن ئاپتوماتىنى ئۇلارغا توغرىلاپ شىددەتلىك ئوت ئاچتى. ھەش - پەش دېگۈچە ئاتلىق ئەسكەرلەردىن 10 نەچچىسى كەينى - كەينىدىن مولاقلاپ چۈشۈپ كەتتى، يەنە 4 - 5 ئاتمۇ يېتىپ قالدى.

ئۇرايماخۇن پارتىزانلارنىڭ ئوڭۇشلۇق چېكىنىپ كېتىۋېلىشى ئۈچۈن دۈشمەننىڭ ئالدىنى تۇساپ، ئۆزى يالغۇز جەڭگە چۈشكەنىدى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي بۇ تەڭسىز

جەڭگە يۈگۈرىدىن قاراپ ياتاتتىم. يېنىمدىكى ئوقلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللىقاچان ئېتىپ تۈگەتكەنىدىم. قولۇمدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق. قۇرۇق قول بىلەن نېمە قىلالايمەن؟!

مەن ھوشۇمنى يىغىۋالغۇچە، قارىسام، ئېرىقنى تەرەپتىن ئايلىنىپ ئۆتكەن بىر توپ ئاتلىق ئەسكەرلەر يان تەرەپتىن كېلىپ، ئۇرايىماخۇنغا مۆلدۈردەك ئوق ياغدۇرۇۋەتتى. ئۇرايىماخۇن ئاپتوماتنى چىڭ تۇتقىنىچە يېقىلىپ يېتىپ قالدى.

— ئۇرايىماخۇن!!! — دەپ ياتقان جايىمدا بېشىمنى يەرگە ئۇرۇپ يىغلاپ كەتتىم، — ئۇرايىماخۇن، باتۇر قېرىندىشىم! شۇنچە ياش تۇرۇپ زەپمۇ ئالدىراپ كېتىپ قالدىڭغۇ! ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ گايىت ئاكامغا نېمە دەيمەن؟ سەيدىخان ئايلامغا نېمە دەيمەن؟ ھەي، ئىسىت، ئىسىت...

لېكىن، قاقشىغان بىلەن ئامال قانچە؟ قازاغا شىپا يوق. ئۇرايىماخۇن ئەنە شۇنداق قىلىپ، پارتىزانلارنىڭ ئامان- ئېسەن قۇتۇلۇپ كېتىشى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلدى.

گومىنداڭچىلار ئۇرايىماخۇننىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىدىن ئۇيۇر - تۇيۇر بولۇشۇپ، ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ ئالغۇچە ئاتلىق پارتىزانلار ئاللىقاچان كۆزدىن غايىپ بولغانىدى.

... ناسىر ئۇستام ھېكايىسىنى تاماملىدى، ۋە بىر ئاز شۈك ئولتۇرغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى:

— ئۇرايىماخۇن ئەنە شۇنداق يىگىت ئىدى، ئۇ قۇربان بولدى. مەن تۇرپاندىن قېچىپ چىقىپ جىمسار، گۇچۇڭ تەرەپلەردە يېتىمچىلىك قىلىپ يۈردۇم. كېيىن ئۇرۇمچىگە كېلىپ، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. ئابدۇراخمان مۇھىت باشچىلىقىدا چېكىنگەن پارتىزانلار كېيىن ئۇقسام، شۇ كەتكىنىچە ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ناسىر ئۇستام يەنە شۈك بولدى.

— شۇنداق، — دېدىم مەن، — ئۇلار غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ قارشى ئېلىشى ۋە غەمخورلۇق قىلىشىغا ئېرىشتى. ئابدۇراخمان مۇھىدى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇزلۇق ئادەملىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ئىككى يۈزچە ياش پارتىزان تاللىنىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ تەركىبىدىكى بىر روتا قىلىپ تەشكىللەندى. قالغانلىرى ئىلى تەۋەسىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

مەن گوياكى ناسىر ئۇستامنى يېڭىدىن كۆرۈۋاتقاندەك، يېڭىدىن تونۇۋاتقاندەك ھەيرەت ئىچىدە ئۇنىڭغا كۆز تىكتىم. خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قۇربان بولغان قەھرىمان سەپدىشىنى سېغىنىپ ئەسلەۋاتقان تاشچى ئۇستامغا قارىسام، كۆز ئالدىمدا گويىاكى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى گىگانت پالۋاننىڭ ئوبرازى گەۋدىلەنگەندەك بولدى. ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ گەپ قىلمىغان بولساممۇ، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە بۇ پېشقەدەم پارتىزانغا قارىتا بۈيۈك ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغالدى.

قادىر ئارسلان



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ۋاپا» ناملىق ھېكايەم ئېلان قىلىنغان ژۇرنال شەھىرىمىزدە تارقىلىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىنكى بىر ئەتىگەندە كىتاب پۈرۈشنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، كىمدۇر بىرسى: «ھاي، توختىغىنا» دەپ توۋلاپ قالدى، مەن ۋېلسىپىتنى دەرھال تورمۇزلىدىم - دە، سەكرەپ دېگۈدەك يەرگە چۈشتۈم. قارىسام، مەھەللە مەسچىتىمىزنىڭ كاتىپلىرىدىن بىرى بولغان خۇدا بەردى مەزىن بىر ژۇرنالنى تۇتقان ھالدا ماڭا قاراپ ھومىيىپ تۇرۇپتۇ. «ھۆرمەتسىزلىك بولۇپتۇ - دە، ئالدىراشچىلىقتا كۆرمەي ئۆتۈپ كېتىپتىمەن» دەپ ئويلىدىم مەن. دېمىسىمۇ، شۇ كۈنى ئىشقا كېچىكىپ ماڭغانىدىم.

مەن ۋېلسىپىتمنى يولنىڭ چېتىگە توختىتىپ قويدۇم - دە، تېز - تېز مېڭىپ خۇدا بەردى مەزىننىڭ ئالدىغا باردىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! تىنچ تۇردىلىمۇ؟ — مەن ئامان - ئېسەنلىك سورىغاچ ئىككى قولۇمنى ئۇزاتتىم. بىراق، ئۇ قولىدىكى ژۇرنال بىلەن قولۇمغا «پاققىدە» بىرنى سالدى. مەن

ىلىدىن گاڭگىراپ قالدىم:

— مەزىن تاغا، بۇ قانداق ئىش؟ — دېدىم مەن ھەيرانلىق ئىچىدە، ئۇنىڭ بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلغان چىرايىغا قاراپ.

— خۇپسەنلىك قىلىۋاتقىنىنى قارا بۇنىڭ! — دېدى خۇدا بەردى مەزىن ژۇرنالنى پۇلاڭلاتقان ھالدا. — نېمىلەرنى يېزىپ يۈرىسەن؟ ئەجەپ ئاتىكاچى بولۇپ كېتىپسەنا! داداڭ ساۋۇراخۇن سېنى مۇشۇنداق بولامىغۇر نەرسىلەرنى يازسۇن دەپ ساۋاتلىق قىلىپ قويغانمىدى...

خۇدابەردى مەزىن ئۆچكە ساقىلىغا تۈكۈرۈكىنى چاچرىتىپ، مەدداھلاردەك ئىچ - ئىچىدىن قايناپ سۆزلەپ كەتتى.

مەن ئىشنىڭ تېگىگە يەتتىم. خۇدا بەردى مەزىننىڭ زەردىسىنى قايناتقان نەرسە، مېنىڭ «ۋاپا» ناملىق ھېكايەم ئىكەن - دە!

— ئالدىلىرىدا خاتا قىلغان ئوخشىمايمەنمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن ھېچنەرسىنى ئۇقمىغان قىياپەتتە.

— خاتا قىلغان ئوخشىمايمەنمۇ؟! — خۇدا

قىلدىڭ، گۇناھ! ئاللا ـ ئىگەم ئالدىدا، پەيغەم-
بىرىم ئالدىدا، يۇرت ـ جامائەت ئالدىدا
ئېغىر گۇناھ قىلدىڭ! چۆمبەلگە تىل تەككۈز-
مەك گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلمەمتىڭ! چۆمبەل
دېگەن، ئايال كىشىنى نامەھرەمدىن، يامان
كۆزدىن، تۇيۇق يولدىن ساقلاش ئۈچۈن يارى-
تىلغان خاسىيەتلىك نەرسە تۇرسا، سەن
«چۆمبەل ئايال كىشىنىڭ پاك ياكى ناپاكلى-
قىنىڭ گۇۋاھچىسى ئەمەس» دەپ ۋالاقلاپ-
سەنا!...

— مەزىن تاغا، ساماۋەردەك پورۇقلاۋەر-
مىسىلە، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆ-
لۈپ، — راست گەپ قىلغان ئادەم گۇناھ قىلى-
غان بولماس...

— ساماۋەردەك دەپ كەتكىنىنى تېخى، —
دەپ دىۋەيلىدى خۇدا بەردى مەزىن چۆجە-
خورازلاردەك ھۆرپەيگەن ھالدا. — بۇنداق
گۇناھلىق ئىشلارغىچۇ، ساماۋەردەك ئەمەس،
ھەزرىتى بېگىمدىكى داشقازاندەك پورۇقلاي-
مەن، ئېيتقىنا، چۆمبەللىك ئايالنىڭ ناپاك-
لىقىنى نەدە كۆرگەنىدىڭ؟

— ھوي، غەرەزنى چۆشەنسىلىچۇ! مەن

كەلتۈرەمەكچىمۇ؟ سەللە، ساقال ـ
سۆز ئېچىپ ئەجەپ زەھرىڭنى چاچ
خۇدا بەردى مەزىن سازايى تو
كۆچەپ كەتتى، ئۇ ئەتراپىمىزغا
كىشىلەرگە قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ
كە باشلىدى، — ھاي جامائەت، ما
نىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ بۇ
نىڭ ئازراق ساۋاتى چىقىپ قاپتىك
كى بولمىغۇر نەرسىلەرنى يېزىپ،
ھايا، ئەدەب ـ دىيانەتتىن سۆز ئېچ
ئىمان ئاياللىرىمىزغا بۆھتان چاپل
مۇشۇنداق ئىمانسىز بەچچىغەزلەرنىڭ
دىن ئىمانىمىز، دىنىمىز بۇلغىنىپ كې
خىرەتلىكنى ئويلىمايدىغان بۇ ئ
ئۇدۇل ئەھلى دوزىخى بولىدۇ...
خۇدا بەردى مەزىنىنىڭ جاۋغاي
پۈكلىشىپ كەتكەنىدى، كالپۇكلىر
بىر ـ بىرىگە تېگەتتى. ئولاشقان
نىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ ۋەزىنى تە
دەك باشلىرىنى گىلدىڭشىتسا، يەنە
بىر ـ بىرىگە پىچىرلىشىپ غۇلغۇلا ق
مەن شۇنى چۈشەندىمكى، خۇدا ب

غان چېغىدىكى مۇڭلۇق ئاۋازى ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلنىڭ غەشلىكىنى قوزغايدىغان بوغۇق، چىرقىراق ئاۋازى مېنى خېلى ئۇزاققىچە ئۇزىتىپ قويدى.

خۇددا بەردى مەزىن بىر مۇنچە كىشىلەر ئارىسىدا ماڭا تەنبىھ بەرگەن بولسىمۇ روھىمنى چۈشۈرەلمىدى. چۈنكى ئۇ مېنىڭ ھۆرمىتىمگە ئېرىشكەن مۆتىۋەرلەر قاتارىدا يوق بىر بەندە ئىدى. بۇ سەپەرا مەزىننىڭ چوڭبەل سېلىپ يۈرىدىغان پاك ئايالنى ئۆيىدە بىرەر يىلدىن ئارتۇق ساقلىمايدىغانلىقىنى، ھاسىغا چۈشۈپ قالغىنىغا باقماي، پات - پات خوتۇن يەڭگۈشلەپ تۇرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم.

مەن ئىدارە دەرۋازىسىدىن كىرىشىمگە، پېشقەدەم كادىرىمىز روزىكام ئۇچراپ قالدى. مەن ۋېلسىپىتتىن چۈشتۈم - دە، ئۇنىڭغا سالام بەردىم. ئادەتتە پەخىرلىنىش ۋە خۇش چاقچاقلىق بىلەن: «ھە يازغۇچى، قانداق ئەھۋالىڭ؟» دەپ سالاملىشىدىغان، پاراڭنىڭ ئاخىرىدا: «بوش كەلمە ئۇكا، قەلىمىڭ مىدىراپ تۇرسۇن» دەپ مەدەت بېرىدىغان روزىكامنىڭ كەيپى بۈگۈن باشقىچە ئىدى. ئۇ سالىمىمنى ئارانلا ئىلىك ئالدى ۋە ئۇزاتقان قولۇمنى بوشقىنە سىقىپ قويدى.

ئارىمىزدىكى پەرقىمىزنىڭ خېلى چوڭ بولۇشىغا قارىماي، ئادەتتە، روزىكامغا ئاتىغان چاقچاقلىرىمنى ئاياپ قويمايتتىم. شۇڭا، مەن ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى سۇس مۇئامىلىسى بىلەن كارىم بولمىدى.

— نېمە بولدىڭىز روزىكا؟ ئاچچىمىز رەنجىتتىمۇ يا؟ — دەپ چاقچاق قىلدىم مەن كۈلۈپ.

— بۇ جاھاندا مېنى خاپا قىلىدىغان ئاچاڭلىمىتى؟ — دېدى روزىكام توڭلۇق بىلەن.

— يەنە كىمكەن سىزگە شىلتىڭ ئاتقان؟ — دېدىم مەن قىزىقچىلىق قىلىپ، — ماڭا دەڭا ئۇنىڭ ئىسمىنى، بىر ئەدىپىنى بېرىپ قوياي.

— خېلى تۈزۈك بالا دەپ يۈرسەم، تازىمۇ خۇپسەن بىر نېمە بولۇپسەن! — روزىكام ماڭا ئالايدى، — ئۆزەڭگە مەلۇملۇق تۇرسا، يەنە سېنى خاپا قىلغان كىم دەپسەنا! سەن بولماي يەنە كىم بولاتتى، ماختاپ قويسام، نېمىلەرنى يېزىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدىڭ - ھە؟

روزىكامنىڭمۇ ھېكايەمدىن نارازى بولغانلىقىنى چۈشەندىم.

— يازغىنىم بولماپتىمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۆزەمنى ساددىلىققا سېلىپ.

— بولامتىكىن ئەمىسە! — روزىكام كۈچەپ سۆزلىگەنلىكتىن كۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى، — يازغانلىرىڭغۇ بىر خەقتە بار ئىشلار، لېكىن، يازىدىغان نەرسە تاپالماي قالغاندەك، ئۆزىمىزنىڭ ئەيىپىنى كولاپ نېمە قىلاتتىڭ؟ خەقلەر بىزنى زاڭلىق قىلىشمامدۇ؟ خېلى ئوبدان بىر نەرسىلەرنى يېزىۋاتقاندەك قىلىۋىدىڭ، ئايىنىپ قالغاندەك تاپقان ئىشىڭنى قارا. يازىدىغان نەرسە تاپالمىغان بولساڭ، روزىكاڭدىن سورىساڭ بولماسمىدى - ھە؟ مەن ساڭا يەنە يەر ئىسلاھاتى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتىم، بۇلار بىر ئۆمۈر يازساڭمۇ يېتەتتى... راستىنى ئېيتسام ئۇكا، سەندىن قاتتىق رايىم قايتتى.

روزىكام يەنە نېمىلەرنىدۇ سۆزلەپ كوتۇلدىغىنىچە دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى، مەن ئۇنى توختىتىشنىمۇ، كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى ئېيت-

شى ئادەم،
ە دېسىلا
ۇنىڭ سۆز-
ەچچە پار-
ى. لېكىن،
ھېكايىسى»
بولۇپ قې-

...ىر نەچچە
يدىم، ئۇلار
«چىقان
ن لايىقىدا
قى بولمىسا
توغرىسىدا
كۆڭلۈمگە

ئىشخانىدا
يگە يېتىپ

كايىشى،
ڭلۈمدىن
كى سۇپى-
قويغان
دەل شۇ
نە غىچىر-
ى، تەمبەل،
رىلغان
ان دادام
لدىغا يۇ-
رىلىرىنى
اق دادام
سىلكى-
ە قىلىش-
، بالىلىرىم

يا يىغلىشىنى، يا
ۋىسىنىڭ كەينىدىن
تۇرۇپلا قېلىشتى.
— ھاي، بۇ
قالدى ئاپام بال
مۇشتۇمدەك نارە
بەرگۈلۈكمۇ؟ نېمە
بايىلا كۈلۈپ چىق
دادام ئاپامنى
غاندەك قىياپەت
دۇل ئۆيگە كىر
لەردە ئىشتىن ك
مەن بىلەن قىزغ
غان دادام بۇ قې
نى بىلىنەر - ب
قويۇش بىلەن ب
غەلىتە ئۆزگىرىشن
قالغان ئايالىم پ
قويدى - دە، غ
كەتتى.
دادامغا نېمە
بىردىنلا خۇد
دى - دە، دادام
يەتتىم. قارىغاند
ئالدىدا دادامغا
مەن «غىققىد
زورلىشىغا قارىما
لىپ، خىيال باس
دادام ماڭا
ئۇنى بەك ئاياپتت
غان بولسامۇ، تې
قومۇچنى ئايرىش
دىم. ئۇلار ئايال
دادام ئىچى كۆچ

www.uyghurkitap.com

بولمىغۇر ئادەت، يوسۇنلار ئۈستىدە پات - پات قايناپ قوياتتى. شۇڭا مەن دادامنىڭ ھېلىقى ھېكايەمنى ياقتۇرۇشىدىن گۇمان قىلمايتتىم. لېكىن، ئۇ مەن ئۈچۈن خۇدابەردى مەزىنىدىن دەشنام ئىشىتسە، مېنى بىئارام قىلىدۇ - دە، ئەلۋەتتە. بىردىنلا: «داداممۇ بوش كەلمىگەندۇ، دېيدىغىنىنى دەپ، مەزىننىڭ ئاغزىغا ئۇرغاندۇ» دېگەن خىيال كاللامغا كەلدى - دە، خېلى روھلىنىپ قالدىم. مەن دادامنىڭ قېشىغا كىرىپ پاراڭلىشىپ چىقماقچى بولدۇم - يۇ، شۇ تاپتا ئۇنى ئۆز ئارامىدا قويۇش ئەڭ مۇۋاپىق دەپ، ئۆز ئۆيۈمگە كىرىپ كەتتىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئىشقا بېرىش ئۈچۈن ئەمدىلا ھويلىدىن چىقىشىمغا، ئىشىك ئالدىدىكى سۇپىدا ئولتۇرغان قوشنىمىز مەمەتاخۇن ئاكام مېنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇردى. مەن ئۇنىڭغا سالام بەردىم. ئادەتتە ماڭا تولىمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان مەمەتاخۇن ئاكام بۈگۈن باشقىچىلا سوغۇق ئىدى.

— توختاپ تۇرغىنا ئۇكام، — دېدى ئۇ ئىككى قولىنى چاپىنىنىڭ يېڭىگە تىقىپ، — مەن ساڭا بىر - ئىككى كەلىمە سۆز قىلاي.

— خوش؟ — دېدىم مەن سائىتىمگە قاراپ قويۇپ.

— ئۇكام، ئۆزەڭ بىر ئىلىملىك بالا بولغاچقا، جاھاندا ئاتا - ئانىدىن ئۇلۇغ بەندە بولمايدىغانلىقىنى مەن دېمىسەممۇ ئوبدان بىلىسەن، — دېدى مەمەتاخۇن ئاكام بېشىنى سەل قىڭغايتقان ھالدا گىلدىڭلىتىپ، — ئاتا - ئانىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماق، ئاتا - ئانىنىڭ يۈزىنى، كۆڭلىنى ئايىماق — ھەر بىر ئىنسان بالىسىنىڭ پەرزى. بۇ ئىشىڭدىن چىقىپ قالمىسۇن.

— مەمتانىكا، بۇ جەھەتتە مەندىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكەندىمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ئۇكام، ئۆزەڭ بىلىسەن، مەن داداڭ بىلەن ئۇزۇن يىللىق قوشنا، مەھەللىمىزدە ئۆتنىڭ بىرى بولغان داداڭغا ھۆرمىتىم بار... ئاخشامدىن بېرى كۆپ ئويلاندىم، ئاخىرى، سەن رەنجىسەڭمۇ ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلىشنى لايىق تاپتىم.

— دەۋەرسىلە ئاكا، سىلىمۇ دادام قاتارلىق ئادەم. سىلىنىڭ سۆزلىرىگە مەن رەنجىپ كېتەرمىدىم.

— ماڭا قارا ئۇكام، — دېدى مەمەتاخۇن ئاكام ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ جىددىي ئاھاڭدا، — سەن مېنىڭ كۆز ئالدىمدا چوڭ بولغان بالا، مەن سېنىڭ ئاتا - ئاناڭنى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىڭنى، ئۇلار ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرىدىغىنىڭنى ئوبدان بىلىمەن. ئەمما بۇ قېتىم سەن گۇناھلىق ئىشتىن بىرنى قىلىپ قويۇپ، ئاتا - ئاناڭغا كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بەرگەندەك قىلىسەن، ئاخشام مەسچىتتە خۇدابەردى مەزىن داداڭنى بەكمۇ ئوسال قىلدى. سەن نېمىلەرنى يېزىۋدىڭكىن - تاڭ، مەزىننىڭ ئوغىسى بەك قايناپتۇ.

— نېمىلا قىلسام مەن قىلدىم، دادامدا نېمە گۇناھ؟ — دېدىم مەن تېرىككەن ھالدا، — خۇدابەردى مەزىننىڭ گېپى بولسا ماڭا دېسە بولمامتى!

— بالىنىڭ يالىسى ئاتىسىغا يۇقىدۇ ئۇكام، — مەمەتاخۇن ئاكام گېپىنى داۋام ئەتتى، — مەزىننىڭ گېپىدىن قارىغاندا، سەن مۇشۇ ھويلىدىلا بولساڭ، جامائەت ھېيت - ئايەمدە بوسۇغاڭلارغا قەدەم باسسا گۇناھ بول-

غۇدەك، سابەر قىلغان نەزىرنىڭ ئىشى هارام
بولغۇدەك، داداڭ بوش كەلمەي بىر مۇنچە
گەپ قىلغىنى بىلەن، بەرىبىر داداڭ - دا-
داڭ، مەزىن - مەزىن، جامائەتتىن ئايرىلىپ
قالغان يامان. كۆڭلۈمنىڭ يېقىنلىقىدىن، ئاتا-
ئاناڭغا ئىچىم ئاغرىغانلىقتىن بۇ گەپلەرنى
قىلىۋەتتىم، كۆڭلۈڭگە ئالما. ئۇبدان ئويلىنىپ
كۆر ئۇكام، بولسا، سەۋەنلىكىڭ ئۈچۈن جاما-
ئەتتىن ئەپۇ سورىساڭ ئوبدان بولارمىكىن،
ئىشىڭغا كېچىكىپ قالما، ماڭغىن.

مەن مەمەتاخۇن ئاكامنىڭ ياخشى
كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ ئىشقا ماڭدىم. ۋې-
لىسىپىتىم ئوڭغۇل - دوڭغۇل مەھەللە يولىدا
كېتىۋاتىدۇ. كۆڭلۈم بىر خىل غەزەپ ئىلكىدە
داۋالغۇيتتى. خۇدابەردى مەزىننىڭ جاما-
ئەت ئالدىدا داداڭغا ۋارقىراۋاتقان هالىتى،
دادامنىڭ بىچارىلەرچە قىياپىتى كۆز ئالدىم-
غا كېلىۋىدى، كۆڭلۈم بىرقىسما بولۇپ كەت-
تى. لېكىن، بىر خىل تەرسالىق مېنىڭ پۇ-
شايمان قىلىشىمغا يول قويمىدى. «هەر بىر
كىشى، هەر بىر مىللەت ئۆزىدىكى ئەيىبلەر-
نى ئېتىراپ قىلماي تۇرۇپ، روناق تېپىشنىڭ
يولىنى تاپالمايدۇ» دېگەن سۆز قەلبىمدە
تەكرارلاندى.

بىز ھەقىقەتەن غەلىتە بىر خەق ئىكەن-
مىز. بېشىمىزغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە، يىغا-

غەت پاراڭ، قۇرۇق سۆكەكنى غاجاش، بىمە-
نە قائىدە - رەسمىيەت ۋە تۈزسىز ئاشتىنمۇ
بەتتەر پەتىۋالار بىلەن ئۆتكۈزۈپ، زاماننىڭ
ئارقىدا قېلىۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولماي-
دىكەن، يەنە تېخى باشقىلارنى ئۆزلىرىنىڭ
يولىدا مېڭىشقا زورلايدىكەن... مېنىڭدە بۇ
تەسىرات چوڭقۇرلاشقانسېرى بىر خىل غايى-
بانە مەجبۇرىيەت قەلبىمنى شۇ ئەيىبلەر
ئۈستىدە تەۋرەشكە ئۈندىدى، مەن مۇندىن
كېيىنكى بەش - ئون پارچە ھېكايەمە-
نىڭ تېمىسىنى ئاشۇ ئىللەت - ئەيىبلەرنى
ئاشكارىلاشقا ئاتىماقچى بولدۇم. لېكىن، شۇ
تېمىدىكى تۇنجى ھېكايەم - «ۋاپا» ئېلان
قىلىنىۋىدى، مەن هازىرقى كۆڭۈلسىزلىك ئىچى-
دە قالدىم.

مەن بۇ ھېكايىدە يەنىلا گۈزەللىكنى مەد-
ھىيىلەشنى ئاساس قىلىپ، مودا كىيىملەرگە
ئامراق بىر چوكاننىڭ ئاغرىقچان ئېرىگە
بولغان ۋاپادارلىقىنى يازغان، ئۇنىڭغا سېلىش-
تۇرما قىلغان هالدا، بىر چومبەللىك ئايال-
نىڭ نائىنسابلىقى، ناپاكلىقى ھەققىدىكى كې-
چىككىنە دېتالنى قىستۇرۇپ قويغانىدىم ھەم-
دە «كىيىم - ئىنسان قەلبىنىڭ گۇۋاھچىسى
ئەمەس، چومبەل - بىر ئايالنىڭ ئەدەب - ئەخلاقى
ۋە ئىمانىنىڭ ساپلىقىغا گۇۋاھ بولالمايدۇ»
دەپ يازغانىدىم. خۇدابەردى مەزىننىڭ ئۇ-

كەلگەنىدى.

مەن خەتنى ئالدىراپ ئاچتىم، چۈنكى، مەن ئۇنىڭ خېتىدىن ئۆزەمگە تەسەللى تاپالايمەن دەپ ئىشەنگەنىدىم. ئەمما، قۇرلارغا ئالدىراپ كۆز يۈگۈرتكىنىمدە، كۆڭلۈم غەشلىككە پېتىپ قالدى.

قىلىپ قويىدى. سىز يېگەن تامىقىڭىزنىڭ تۆزىنىڭ تېتىغان - تېتىمىغانلىقىنىمۇ يۈرەكلىك ئېيتالمايدىغان بولۇپ قالدىڭىز. بۇ دىمىقتىنلىق سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزدىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتتى. هازىرقى كۈندىمۇ سىز ئۇزۇن يىللىق كاڭگىراش، يېتىمسىراش، ئەنسىرەش، دەككە -

لېكىن، سىز ئۆزىڭىزنىڭ غەم - غۇسسىلىق ھالىتىڭىزنى شاگىرتىڭىزغا تاڭمىسىڭىز بولاتتى. غەلىتە كۆڭۈلدە ياشىغان كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىمۇ غەلىتە بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. بىر يازغۇچىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ياخشى پەرزەنتى بولۇش - بولالماسلىقى، ئۇنىڭ شۇ مىللەتنى ماختاش ياكى نۇقسانلىرىنى تەنقىدلىشى بىلەن باغلىق دېيىلسە، بۇ غەلىتىلىك ئەمەسمۇ! نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغ كىشىلەر ماختىنىشتىن ۋە باشقىلارنىڭ كۆپتۈرۈپ ماختىشى تۈپەيلىدىن خۇدىنى بىلەلمەي قېلىپ كاردىن چىقىپ كەتكەن. بىرەر مىللەتمۇ ماختاشلا ياقتۇرسا كاردىن چىقىپ كەتمەسمۇ؟! خېلى - خېلى ئېغىرچىلىقلارنى كۆتۈرەلىگەن بىر مىللەت، ئۆزىنى روناق تاپتۇرۇش يولىدا بىر پەرزەنتىنىڭ ئۆزىگە ئېيتقان قاتتىق، ئەمما سەمىمىي سۆزلىرىنى كۆتۈرەلمەسمۇ؟...

مەن شۇ ئەسنادا خاتىرجەملىك ئىلكىگە چۈشكەنىدىم، مەن ئۆزەمنىڭ توغرا قىلغىنىمغا تېخىمۇ ئىشەنگەنىدىم. مەن يەنە يېزىشىم كېرەك. دادامنىڭ مېنى قوللىشىغا، ئېغىرچىلىققا بەرداشلىق بېرىشىگە ئىشىنىمەن.

دەرۋەقە، مەن دېگىنىمنى قىلماقتىمەن. مەن ئۆزەم تاللىۋالغان تېمىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە يازغان ئىككىنچى ھېكايەمنى، يەنى، بۇ ھېكايەمنى يېزىپ چىقتىم ۋە ئالدىنقى ھېكايەمگە بولغان نارازىلىقلارغا جاۋاب بولسۇن دەپ، ماۋزۇسىغا «جاۋاب» دېگەن سۆزنى تاللىۋالدىم.

1986 - يىل نويابىر. ئۈرۈمچى

## ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى



ياش يازغۇچى قادىر ئارسلان 1947 - يىل 10 - ئايدا قۇمۇلدا دۇنياغا كەلگەن. 1969 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قۇمۇلدا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان، 1980 - يىلنىڭ بېشىدا «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكەلگەن، ھازىر گېزىت تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

قادىر ئارسلاننىڭ مەتبۇئات ھاياتى 1978 - يىلدىن باشلانغان بولۇپ، تاھازىرغىچە 30 پارچىگە يېقىن چوڭلار ۋە بالىلار ھېكايىسى، ئون نەچچە پارچە شېئىرى مەسەل - چۆچەك، شېئىرلىرى، «يېڭى پەللە ئۈچۈن» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى نەشىر قىلىندى. ئۇ يەنە، «تەرسا بالا»، «بالىلار پسىخولوگىيىسى ۋە تەربىيىسى ھەققىدە سۆھبەت» قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى رومانى «ئوقۇتقۇچى» نى قايتا نەشرگە تەييارلىدى.

قادىر ئارسلاننىڭ «يېڭى پەللە ئۈچۈن» ناملىق ھېكايىسى، «مايمۇنچاق» ناملىق شېئىرى مەسەلى ۋە يەنە بىر قىسىم ئەسەرلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

# دادىللىق ۋە يېڭىلىق

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

«تەڭرىتاغ» نىڭ سىناق سانى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆپ خىللىققا قاراپ راۋاجلىنىشىغا باشلىغانلىقىدىن بىشارەت بەردى. سىناق سان «تەڭرىتاغ» نىڭ دادىللىق بىلەن ئىزلىنىشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا كىرىشكەن ئەدىبلىرىمىزگە ئەركىن ئىجادىيەتنىڭ كەڭ بەدىئىي سەھنىسىنى تەييارلاپ قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

بىر مەنبەلىك، ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن، چوڭ جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى كۆپ خىللىققا قاراپ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈشكە، دادىللىق بىلەن ئىزلىنىشكە، قاتمال، تار رامكا، قېلىپلارنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاشقا، باشلامچىلىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشقا ۋە خىلمۇ - خىل ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا كەڭ يول قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسى بىلەن مەسئۇلىيىتى ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر.

بىزنىڭ ئەدەبىي ژۇرناللىرىمىز ئەدەبىيات ئۈستىدىكى ئەركىن مۇھاكىمە، تەشەببۇس، ئىزلىنىش ۋە يېڭىلىقلارغا كەڭ يول قويۇشى كېرەكمۇ ياكى بىرخىللا ئەدەبىي ئېقىمنىڭ سورۇنىغا ئايلىنىپ قېلىشى كېرەكمۇ؟ ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بىلەن مۇھاكىمە ئەركىنلىكى ھەقىقىي كاپالەتكە ئېرىشتۈرۈلگەن بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىي ژۇرناللار زادى قايسى يولدا مېڭىشى كېرەك؟ مېنىڭچە، «تەڭرىتاغ» نىڭ سىناق سانى بۇ مەسىلىگە بىر قەدەر توغرا جاۋاب بەردى.

گەرچە سىناق سانغا بىرپارچە ئەدەبىي ئوبزورنىڭمۇ كىرگۈزۈلمىگەنلىكى كىشىنى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ باي سەھىپىلىرىدىن خىلمۇ - خىل ئىپادىلەش شەكلى، خىلمۇ - خىل ئەدەبىي ئۇسلۇب، خىلمۇ - خىل ئەدەبىي ئېقىملار تەڭ ئورۇن ئالغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بۇخىل يۈزلىنىش ئىجادىيەت ئىشلىرىمىزنىڭ جانلىنىشىنى ھەم گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇئەييەن ئىجابىي رول ئوينىماي قالمايدۇ.

مەلۇمكى، دادىللىق بولمىسا، قاتماللىقنى بۇزۇپ تاشلىغىلى، يېڭىلىق ياراتقىلى بولمايدۇ. قاتماللىق بۇزۇپ تاشلانمىسا، يېڭىلىق يارىتىلمىسا، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولمايدۇ. «تەڭرىتاغ» نىڭ ئەدەبىياتىمىزنى كۆپ خىللاشتۇرۇش يولىدا تاشلىغان دادىل قەدىمى ئەدىبلىرىمىزنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئىزلىنىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشىغا كۈچلۈك ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ.

راستىنى ئېيتقاندا، بىزنىڭ كاللىمىز فېئوداللىق جاھىل ئادەت كۈچلىرى بىلەن «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىدىن تاكى ھازىرغىچە ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلۇپ كەتكىنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دېموكراتىك ئىستىلگە تازا دېگەندەك ئادەتلىنىپ كەتكىنىمىز يوق. ئەدەبىيات قارىشىمىزمۇ كونا، قاتمال ھەم بىر تەرەپلىمە، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يەتكۈزىدىغان ئۆتكەللىرى-

شۇڭلاشقا بىرەر يېڭى ئەدەبىي
ئېقىم ئۆزىنى كۆرسەتسىلا ياكى بىرەر يېڭى
ئىپادىلەش ئۇسۇلى مەيدانغا چىقسىلا، بىنورـ
ماللىق، ئاسادىيلىق، غەلىتىلىك ھېس قىلىپ،
يەكگىنلىك بىلەن ئەيىپلەپ كېتىمىز ياكى
ئۇنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىمىز. ئۆزىمىزنىڭ
كونا، تار رامكىسىغا سىغمىغان ئەسەرلەرگە
گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ سەھىپىسىدىن ئورۇنلىقـ
چە ئورۇن بەرگىمىز كەلمەيدۇ... بۇ خىل
ناچار ئادەتلەر ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى
ئۈچۈن زىيانلىق بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا مەـ
لۇم بازارغا ئىگە. بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرـ
تىش ئۈچۈن، خۇددى «تەگرىتاغ» ژۇرنىلىغا
ئوخشاش دادىللىق بىلەن يول ئېچىشقا ۋە
«ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش»
ۋەزىيىتىنى يارىتىشقا توغرا كېلىدۇ.

سىناق سانىنىڭ بېشىغا بېسىلغان ئۈمىدـ
لىك ياش يازغۇچى مۇھەممەد باغراشنىڭ
«مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ
قالغان سۈرەت» ناملىق پوۋېستى ئۆزىگە خاس
يېڭى ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇشتەك روشەن
ئالاھىدىلىكى بىلەن كىتابخانىنى ئۆزىگە
جەلپ قىلىدۇ. يازغۇچى ئۆزىنىڭ بۇ
پوۋېستىنى ئىجاد قىلىش جەريانىدا ئەسەرنىڭ
مەزمۇنىدىن تارتىپ تاكى شەكلىگىچە يۈرەكـ
لىك ئىزدىنىپ، ئەنئەنىۋى رېئالىزملىق ئىـ
پادىلەش ئۇسۇلىنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ
تاشلىغان. خەلقىمىزنىڭ قوبۇل قىلىش سەۋىـ
لىرىنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قوللىـ
نىش ئارقىلىق مىللەتنىڭ روھىي جەھەتتىكى
زەئىپلىكىنى ئېچىپ بېرىش مەقسىتىگە يەتـ
كەن. مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتىنى
پەقەت ئەنئەنىۋى رېئالىزملىق ئىپادىلەش
ئۇسۇلىغىلا تايىنىپ ئەكس ئەتتۈرىمىز دېسەك،
ناھايىتى نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىشقا توغرا
كەلگەن بولاتتى، لېكىن يازغۇچى مۇھەممەد
باغراش ئارىلاشما ئىپادىلەش شەكلىدىن
ئىجادىي ھالدا پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىـ
نىڭ قىسقىغىنا بىر پارچە پوۋېستىدا پۈتۈن
بىر مىللەتنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىدىكى
پاجىئە بىلەن كېسەللىكنى خېلى چوڭقۇر ھەم
ئەتراپلىق ئېچىپ بېرىشكە قادىر بولالىغان.
يازغۇچىنى مىللىي ئاڭ ئۈستىدە قايتا ئويلىـ
نىشقا مەجبۇر قىلغان كۈچ ـ ئۇنىڭ روھىي
دۇنياسىغا شىددەت بىلەن بۆسۈپ كىرگەن
ھازىرقى زامان ئېڭى. بۇ خىل ئاڭ ئۇنىڭ
كۆزىنى روشەنلەشتۈرگەن، تەسەۋۋۇرىنى قاـ
ناتلاندۇرغان، ئۇنى ئېگىزدە تۇرۇپ، يىراقنى
كۆرەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلغان. شۇڭـ
لاشقا ئۇ، مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا پۇتلىكاـ
شاڭ بولۇۋاتقان مەنىۋى كېسەللىكلەرنى ئېنىق
تېپىپ چىقىپ، دادىللىق بىلەن ئوپېراتسىيە
قىلالىغان. ئۆز مىللىتىنىڭ روھىي جەھەتتىكى
زەئىپلىكىگە قاتتىق ئېچىنغان يازغۇچىنى
خىلمۇ ـ خىل رامكا، قېلىپلارنىڭ چەكلىمىسىـ
مۇ توسۇپ قالالمىغان. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزىنىڭ
ئۇلغار بەدىئىي غايىسىنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە
ئاشۇرۇشنىڭ كەڭرى يولىغا ئەركىن قەدەم
تاشلىيالىغان. ئۇنىڭ بىر پارچە پوۋېستىدا

كەنگە ئوخشاش ئىنتايىن مۇھىم ھەم ئەمەلىي مەسىلىلەرنى قويىدۇ. شۇنداقلا كىتابخانلارغا ھازىرقى زامان ئېڭىنى قوبۇل قىلىش ئىسلاھاتتىكى ئەڭ ھالقىلىق، ئەڭ ھەل قىلغۇچ مەسىلە ئىكەنلىكىنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاڭ جەھەتتىكى قاتماللىق ئۇسلۇب جەھەتتىكى قاتماللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى، ھازىرقى زامان ئېڭى بىلەن قوراللانغان يازغۇچى ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ. ياش يازغۇچى مۇھەممەد باغراشنىڭ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» ناملىق پوۋېستى ئارقىلىق ياراتقان ئۇسلۇبى ئۇنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولغانلىقى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەنلىكى، بولۇپمۇ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ھازىرقى زامان ئېڭى

مانتىزم، سىمۋولىزم، مودېرنىزم، ئاڭ ئېقىمى، مەۋجۇدىيەتچىلىك قاتارلىق خىلمۇ ـ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى مەۋجۇت. ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا بۇلارنىڭ قايسىسىنى قوللىنىشنى يازغۇچىنىڭ بەدىئىي غايىسى، ئىپادىلەش ئېھتىياجى، خاسلىقى ھەم قىزىقىشى بەلگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئەركىن تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە. بىر ئەدىب بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ياقتۇرسا، يەنە بىر ئەدىب باشقا بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ياقتۇرۇشى مۇمكىن، بىر ئەدىب مەلۇم بىر ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللانسا، يەنە بىر ئەدىب بىر قانچە خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئۆز ئارا گىرەلەشتۈرۈپ ياكى بىر ـ بىرىگە سىڭدۈرۈپ قوللىنىشى مۇمكىن، شۇنداقلا بىر ئەدىب بۇ قېتىم بىر

سەر يازىدىغان ئەدىبلەرنى كەمسىتىشمۇ ياكى ئىنكار قىلىشمۇ توغرا ئەمەس. بىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە خىلمۇ-خىل بولۇشىنى، ئەدەبىياتىمىزدا خىلمۇ-خىل ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى، ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئۇسلۇب ۋە بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە ئۆزلۈكسىز ئىزلىنىشىنى ھەم يېڭىلىق يارىتىشىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم. بىزدە ھەر خىل پىكىر ئېقىملىرى بىلەن ھەر خىل ئۇسلۇبلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرالايدىغان شىجائەتمۇ، قىممىتى بارلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلالايدىغان ئىقتىدارمۇ، شۇنداقلا بىر-بىرىمىزنىڭ ئۇسلۇبىغا ھۆرمەت قىلىدىغان ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ئەخلاقىي - پەزىلەتمۇ بولۇشى كېرەك.

دەۋر ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا. ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلگەن بۈگۈنكى جۇڭگو زېمىنىدا ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىدا، مەنىۋى قىياپىتىدە، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدا ۋە ئىستېتىك ئېڭىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرمەكتە. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر مىللىي خاراكتېرگە، مىللىي پسىخىك ھالەتلەرگە تەسىر كۆرسەتمەكتە. جەمئىيەتتىكى ھەم كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى يېڭىچە ئۆزگىرىشلەر ئەدىبلىرىمىزدىن مىللىي خاراكتېر بىلەن دەۋر خاراكتېرىنى، مىللىيلاشتۇرۇش بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇشنى، مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن ھازىرقى زامان ئېڭىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەنئەنىلەرگە تەنقىدىي ۋارىسلىقمۇ قىلالايدىغان ھەم دەۋر روھىنىمۇ تولۇق گەۋدىلەندۈرەلەيدىغان، ئۆز زېمىنىدىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان ھەم دۇنياغىمۇ يۈزلىنەلەيدىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، مىللىي ئەنئەنىلەرگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ئوبدان بىرلەشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان مىللىي ئالاھىدىلىكنى قانداق تونۇش، قانداق ئىگىلەش ۋە قانداق گەۋدىلەندۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى شۇنىڭ بىلەن بىللە ھازىرقى زامان دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى تۈرلۈك ئەدەبىي ئېقىملار بىلەن خىلمۇ-خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى، يېڭىچە ئۆزگىرىشلەرنى ۋە ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئەستايىدىل ھەم چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا، چەت ئەللەرنىڭ ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار، پايدىلىق مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈشكە ھەم تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

چەت ئەللەرنىڭ ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار، پايدىلىق مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلماسلىق ياكى چەتكە قېقىش — ئاڭ جەھەتتىكى بېكىنمىچىلىكنىڭ ياكى مەنىۋى كورلۇقنىڭ گەۋدىلىك ئالامىتى. بىر نەچچە مىڭ يىللىق مىللىي مەدەنىيەتنىڭ باي ھەم ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى بىراقلا ئىنكار قىلىشمۇ ئاقىلانىلىك ئەمەس. چۈنكى بىز باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆزىمىزگە ھەقىقەتەنمۇ پايدىسى تېگىدىغان ئىلمىي، ئىجادىي، پايدىلىق كۆز قاراشلىرى بىلەن بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىشتا ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ بېيىتىپ ھەم تولۇقلاپ ئۆستۈرۈشنى، بولۇپمۇ ئۆزىمىزنىڭ بەدىئىي خاسلىقى بىلەن ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىمىزنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىمىز. شۇڭلاشقا بىز كۆپرەك ئۆگىنىپ، نەزەر دائىرىمىزنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىپ، نەزەرىيە سەۋىيەمىزنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ ئەدەبىيات قارىشىمىزنى يېڭىلاپ، ئۆز ئەدەبىياتىمىز بىلەن باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى مېغىز بىلەن شاكىلىنى توغرا پەرقلەندۈرۈپ،

شاكاللارنى تاشلىۋېتىپ مېغىزلارنى بىر - بىرسىگە ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق مىللەتكىمۇ ياقىدىغان، دۇنياغىمۇ ياقىدىغان سۈپەتلىك مەنىۋى ئوزۇق يارىتىشقا ماھىر بولۇشىمىز لازىم.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قاراردا ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پىرىنسىپلار بويىچە ئىلىم ئەركىنلىكى، ئىجادىيەت ئەركىنلىكى، مۇھاكىمە ئەركىنلىكى، تەنقىد ۋە تەنقىدكە قارشى تەنقىد ئەركىنلىكىنى داۋاملىق يولغا قويۇش كېرەكلىكى ئېنىق كۆرسىتىلىپ، بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت، نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ئىشلىرىمىزنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئېرىشتۈردى. «بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش»، «ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنى قۇرۇق گەپكە ئايلاندۇرۇپ قويماي، بەلكى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىلمىي تەتقىقاتنى ئاساس قىلىدىغان ئىزلىنىش بىلەن ئەركىن مۇھاكىمىگە كەڭ يول بېرىش ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتىنى ھەقىقىي تۈردە جانلاندۇرۇشنىڭ، شۇنداقلا ئەدەبىي ئوبزورچىلىرىمىزنى ھازىرقى زامان ئەدەبىيات قارىشى يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى. ئەدەبىيات قارىشىمىزنىڭ تا ھازىرغىچە يېڭىلانماي كېلىۋاتقانلىقى، تار، قاتمال، ئۆلۈك رامكا، قېلىپلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن تېخىچە تولۇق قۇتۇلالمايۋاتىمىز، ئەسەرلەرنى يەنىلا كونا ئەدەبىيات قارىشى بويىچە باھالاۋاتقانلىقىمىز، ئىنسانىنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپ خاراكتېرىنى بەكمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ قويۇش ئاخباراتنى بەدىئىي پورمىغا كىرگۈزۈش، باشقىلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە قەلەم تەۋرىتىش قاتارلىق كونا ئىللەتلەرنىڭ داۋاملىق ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقى نەزەرىيە تەتقىقاتىمىزنىڭ جانلىنالمايۋاتقانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

رەڭدار بولۇش ۋە يېڭىلىق يارىتىش تەلىپى پەقەت ئەدەبىي ئەسەرگىلا ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ئوبزورلارغىمۇ قويۇلىدۇ. ھازىرقى ئەدەبىي ئوبزورچىلىرىمىزدا ساقلىنىۋاتقان قاتماللىق، قېلىپبازلىق، فورماللىزملىق ۋە بىر تەرەپلىمىلىك ئىللىتى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق. بىزنىڭ ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىمىز ئەمەلىيەتنى ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى قىلىپ، خاملىقى، بىر تەرەپلىمىلىكى، خاتالىقى ياكى ئۆزگەرگەن ئەھۋالغا ماس كەلمەي قالغانلىقى ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ھۆكۈم ۋە يەكۈنلەرنى بۇزۇپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلغاندىلا، ئەركىن راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە تولۇق ئېرىشەلەيدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار ئۆزلىرى ياراتقان ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىشقا ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈشكە قادىر، شۇڭلاشقا ئۆزىمىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا يەكۈنلىگەن تەجرىبە - ساۋاقلىرى ئاساسىدا چىقىرىلغان ھۆكۈملەرنى مۇتلەق ئۆزگەرمەيدىغان، تەرەققىي قىلمايدىغان قاتمال نەزەرىيىگە ئايلاندۇرۇۋېلىش توغرا ئەمەس. بۇ نۇقتىنى ئىنكار قىلساق، ئەمەلىيەت نۇقتىئىنەزەرىدىن، تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرىدىن، ئىجادكارلىق نۇقتىئىنەزەرىدىن چەتنەپ، ئەدەبىياتىمىزنى تۇرغۇنلۇق ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويۇشىمىز تۇرغان گەپ. مەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ ئۆز سەھىپىلىرىدىن يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي، ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى، تىغى ئۆتكۈر ئەدەبىي ئوبزورلار بىلەن تەتقىقات ماقالىلىرىغا كەڭرەك ئورۇن بېرىپ، ھازىرقى ئوبزورچىلىقىمىزدا شەكىللىنىپ قالغان خىلمۇ - خىل «چەكلەنگەن رايون»لارنى دادىللىق بىلەن بۇزۇپ تاشلىشىنى، ئەدەبىي ئوبزورلارنىڭ رەڭدار، ئىجادىي، ئىلمىي ھەم مېغىزلىق بولۇشىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىنى، سىناق سانىنى ئوب-

www.uyghurkitap.com

زورسىز چىقىرىشتەك سەۋەبلىكنى مەڭگۈ تەكرارلىماسلىقنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى بىزنىڭ ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىمىز «تەڭرىتاغ» قا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن سەپدىشى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن بىللە ياماشىشقا ھەقلىق.

بىزنىڭ بەزى ئەدىبلىرىمىز يېقىندا ئەدەبىي تەنقىدچىلەرگە «ئەدەبىياتنىڭ ساقچىلىرى» دەپ يېڭى نام قويۇپتۇ. بۇ يېڭى نام قۇلاققا قوپاللىراق ئاڭلانسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئىجاد قىلغۇچىلارغا رەھمەت ئېيتىشقا توغرا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. چۈنكى ئەدەبىي تەنقىد، خۇددى خەلق ساقچىسى خەلقنى قوغدىغاندەك، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆزىتىش، تۈزىتىش ھەم قوغداش مەجبۇرىيىتىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان. خەلق ساقچىسىنى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتىن توسۇۋالغىلى بولمىغاندەك، ئەدەبىي تەنقىدچىنىمۇ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مەدھىيىلەش ۋە ناچار ئەسەرلەرنى تەنقىدلەش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلغىلى بولمايدۇ. خەلق ساقچىسىنىڭ قورالى بولسا، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆتكۈر تىغى بار. بۇ تىغنىڭ تېگىپ كېتىشىدىن قورققان ئادەم ئەڭ ياخشىسى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن باشقا كەسىپنى تاللىۋالسا بولىدۇ. چۈنكى كىتابخانلار بىلەن مەتبۇئات يۈزىدە كۆرۈشكەن ئەسەرگە مەتبۇئات يۈزىدە باھا بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ئەدىبنىڭ مەنسـ-

ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن دوست تۇتىدۇ. بۇ ئىككى دوست ئۇلارغا كۈچ-قۇۋۋەت، ئۇمىدۋارلىق ئىشەنچ ۋە شادلىق بېغىشلايدۇ. خەلقنى ئۇرۇنسىز رەنجىتكەن ياكى بۇزەك قىلغان ساقچىغا خەلقنىڭ تەنقىد بېرىشى تامامەن يوللۇق بولغىنىدەك، تەنقىدنى توغرا قانات يايدۇرالمىغان ياكى ئەدىبلەرنى ئورۇنسىز ئەيىبلىگەن ئەدەبىي تەنقىدچىگە ئەدىبلەرنىڭ قارشى تەنقىد بېرىشىمۇ تامامەن يوللۇق، لېكىن ئۆزىنىڭ جاپالىق ۋەزىپىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئورۇنلاۋاتقان ساقچىنى كەينىدىن تىللاش ياكى چۆكۈرۈش توغرا بولمىغىنىدەك، تەنقىد قورالىدىن توغرا ھەم ئۈنۈملۈك پايدىلىنىۋاتقان ئەدەبىي تەنقىدچىنى ئۆچ كۆرۈش ياكى قارىلاشمۇ توغرا ئەمەس. قاراڭ، خەلق ساقچىسى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ ئەھۋالى نېمىدېگەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ — ھە! ئۇنداق بولسا، ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنى «ئەدەبىياتنىڭ ساقچىلىرى» غا ئوخشاتقۇچىلاردىن رەنجىمىسەكمۇ بولغۇدەك. مەيلى قانداقلا نام قويۇلمىسۇن، ئەدىبلەردىن ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنى، ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئەدەبىي ئوبزورلارنى ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار بىر - بىرسىنىڭ ئالغا بېسىشىغا تۈرتكە بولىدىغان، ئىلھام بېرىدىغان ئەڭ يېقىن سەپداشلاردۇر. سىناق سانىدا بىر - بىرسىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ سەپداشلارنىڭ «تەڭرىتاغ» نىڭ كېيىنكى سانلىرىدا مەھكەم قول تۇتۇشۇپ بىرلىكتە ئالغا باسىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

ـرەلەيدۇ.
ـقىدە ھېكايە»
ـكى شۇ يەردىكى،
ـشۇي ھېكايىچىلىق
ـكايىدا پېرسوناژلار-
ـيىسىدىك تەسۋىرىمۇ،
ـچى ئەسەر قەھرىمانىغا
ئۇنۇملۇك پايدىلى-
ـدا ئۆتكەن ئەخ-

ياش يازغۇچى ئابدۇراخمان ئەبەينىڭ «ئەخ-
مەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايە» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن يېڭىلىق ياردى-
تىش روھىنى ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ.

ياش يازغۇچى قادىر ئارسلان «مېنى ئا-
يىغىن قىزىم» ناملىق ھېكايىسىدە يېڭىچە قۇ-
رۇلما شەكلىنى قوللىنىپ، مۇۋەپپەقىيەت قا-
زانغان. بۇ ھېكايىدە ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتى
ئەمەس، بەلكى پېرسوناژنىڭ ئىچكى پائالىيە-
تى، يەنى پېرسوناژنىڭ پائالىيىتى ئەسەر قۇرۇل-

www.uyghurkitap.com

ئاقكۆكۆل، كۆيۈمچان، رەھىمدىل، جاپاكەش ھەم دەرتمەن ئانا بىلەن ئۇنىڭ ئەركە — نايناق، ھاياسىز ۋە مەنىۋى جەھەتتە چۈشكۈنلەشكەن قىزىنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىنى خېلى روشەن ئېچىپ بەرگەن.

ئەنئەنىۋى قۇرۇلما شەكلىنى يېڭىلاپ، بايان خاراكتېرلىك قۇرۇلمىنى پىسخىك قۇرۇلمىغا ئۆزگەرتىش — بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا نىسبەتەن بىر خىل يېڭىلىق. چەت ئەل ئەدىبلىرى بىلەن خەنزۇ ئەدىبلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى بۇ خىل يېڭى قۇرۇلما شەكلىدە پوۋېست، رومان قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنىمۇ يېزىپ چىقىشقا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. پىسخىك قۇرۇلما ئەدەبىياتنىڭ ئىنسان قەلبىگە بولغان تەسىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئادەمنىڭ پىسخىك پائالىيىتى — ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر جەريان. لېكىن بىز ئۆتكەندە كۆپرەك ۋەقەلىك قوغلىشىپ ياكى ۋەقەلىكنى بايان قىلىشقىلا بېرىلىپ كېتىپ، روھىي دۇنياسى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىنسانىنىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ تەسۋىرلىدۇق. ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان پېرسوناژلارنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىگە تولۇق ھۆرمەت قىلمىغان ئەدىبنىڭ پىسخىك تەسۋىر بىلەن پىسخىك قۇرۇلمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى يېتەرلىك ھېس قىلالىشى ناتايىن. ياش يازغۇچى قادىر ئارسلاننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئۆز قەھرىمانى — قەمەر ئانىنىڭ ئىچكى سېزىمى بىلەن كۆزىتىش ئارقىلىق «مېنى ئايىغىن قىزىم» ناملىق ھېكايىسىنى پىسخىك ئەھمىيەتكە، تەسىرچانلىققا ئىگە قىلالىغانلىقى ئۇنىڭ ئۆزى يارىتىۋاتقان پېرسوناژنىڭ پىسخىك ھالىتىدىكى مۇرەككەپلىك بىلەن ھەقىقىيلىككە ھۆرمەت قىلغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى.

ئىندىۋىدۇئال شەكىل ئارقىلىق ھېسسىياتتىكى چىنلىقنى ئىپادىلەش، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىدىكى پىسخىك ھالەتلەرنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش — ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى يېڭى يۈزلىنىش. سىناق سانىغا كىرگۈزۈلگەن ياش شائىر ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «ئېزىققان يوللار» ناملىق چاتما شېئىرى شەكلىنىڭ يېڭىلىقى، مەزمۇنىنىڭ مۇرەككەپلىكى ھەم پىكرىنىڭ يوشۇرۇنلۇقى بىلەن ئەنئەنىۋى شېئىرلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى بۇ شېئىرلاردا تاشقىي دۇنيادىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەر توغرىدىن - توغرا ئىپادىلەنمىگەن، بەلكى شائىر ئىدىيىسىدىكى جۇشقۇنلۇق، شائىر كەيپىياتىدىكى مۇرەككەپلىك، شائىر تەسىراتىدىكى چىنلىق ئۆزگىچە شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ شېئىرلارنىڭ باش تېمىسى روشەن بولمىغاچقا، پىكرى يوشۇرۇن بولغاچقا، تۇراق - قاپىيىلىرىمۇ شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆلچەملىرىگە چۈشمىگەچكە، مۇنداقلا قارىماققا، چۈشىنىكسىز ھەم غەلىتە تۇيۇلىدۇ، لېكىن تازا چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ كۆرسەك، بۇ شېئىرلار كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى چىنلىققا يېقىنلاشتۇرۇلغانلىقىنى، ئىچكى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

مېنىڭچە، بۇ خىل ئۇسلۇبتا يېزىلغان شېئىرلارغا نىسبەتەن يەكلىلىك بىلەن ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشقىمۇ، تەلەپ قويماسلىققىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ئەدەبىياتىمىزدا يېڭىدىن مەيدانغا چىققان ھەر قانداق بىر ئەدەبىي ئېقىمنىڭ بىردىنلا كامالەتكە يېتىپ كېتىشى ناتايىن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، سىناق ساندىكى شېئىرلار ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقى، ئۇسلۇبتىكى خىلمۇ - خىللىقى بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ كۆپ خىللىشىشقا، جانلىنىشقا باشلىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇ خىل جانلىنىش ئەدەبىياتىمىزدىكى قاتماللىقنى بۇزۇپ، ئۇنى ھازىرقى زامان سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينىماي قالمايدۇ.

# شائىرنىڭ ھېسسىياتى چىقىش يولى ئىزدەيدۇ

سىدىقھاجى روزى

شائىرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا دىراماتىك توقۇنۇش يۈز بەرگەندە شائىرنىڭ ھېسسىياتى چىقىش يولى ئىزدەيدۇ. شېئىر، شائىرنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىغا بېسىپ كۆندۈرەلمىگەن ئاچچىق ھەسرىتىنى ياكى تاسادىپ كەلگەن خۇشاللىق تۇيغۇسىنى ئىپادىلەش مەزمۇنى قىلىدۇ.

تۇرمۇش شائىرغا ھەقىقەتنى بېشارەت بەرگەندىمۇ ھامان شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس ھەقىقىتى بولىدۇ! ھەتتا تۇرمۇش ھەقىقىتىنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىتىگە سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ھالدا دېمەك، شائىر ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ خوجايىنىدۇر. شائىر ئۆزىنى تۇرمۇشقا باغلاپ قويماستىن، ھەقىقىي مەنىدە تاشقى دۇنياغا تەسىر قىلىشنى ئويلايدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇ تۇرمۇشتا ياشايدىغان ئادەم ۋە تۇرمۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان شائىر بولالايدۇ. شائىر ئەخمەتجان ئوسمان ئەنە شۇنداق شائىر. ئۇنىڭ لىرىكىلىرى ئەنە شۇ تىپتىكى لىرىكىلاردۇر.

بۇ شېئىرلارنى ئوقۇغاندا، شېئىرنىڭ تۇرمۇش ئاساسى نېمە توغرىسىدا ئويلىنىش، شېئىرنىڭ ئىچكى مەزمۇنىنى ئاددىيلا مەنبەگە قايتۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىق بولىدۇ. مەن بۇ شېئىرلاردا تۇرمۇش مەنزىرىسى يوق، دەپ ئېيتالمايمەن. تۇرمۇشنىڭ ئەسلى قىياپىتى شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدا پەيدا بولغان دىراماتىك پاجىئەگە كۆپرەك قىزىقىمەن. لىرىكىلاردا شائىر گاھىدا ئۆزىنى ئىنكار قىلىدۇ، گاھىدا ئۆزىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. ئىنكار قىلىنغان تۇرمۇشنىڭ پاجىئەلىرىدە ئۆزىنىڭ غەيرىي قىياپىتىنى كۆرىدۇ. بۇنى شېئىرىي مەنزىرىگە ئايلاندۇرۇپ، مەنزىرە ئىچىدە خاراكتېرىنىڭ مەزمۇنى بولغان شائىرنىڭ غۇرۇرى شەكىلگە كىرىدۇ. ئۆزىدە پەيدا بولغان ۋە ئۆزىنى قۇتقازغۇچى مەنىۋى تىرەك — «غايە» نى ئوبرازلاشتۇرۇپ، ئۆزىگە ۋە يىمىرىلمەس ئېتىقادىغا بولغان ئىشىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

تۇرمۇش سەن ۋە مەن ئويلىغاندىنمۇ مۇرەككەپ تۈزۈلگەن. مۇبادا بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز مۇرەككەپلىككە يۈزلەنمەيدىكەن، تۇرمۇش ئۆزىنىڭ مۇرەككەپلىكى بويىچە كېتىۋېرىدۇ، ئادەملەر ھەتتا شائىرمۇ ماڭىدىغان يول تاپالمايدۇ. «ئېزىققان يوللار»، ماڭاي دېسەڭ تۇرمۇشتا يول كۆپ، لېكىن ئادەم ھەر دەقىقە بۇ يوللارنى تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ. قايسى يولنى تاللىۋېلىش ھەر كىشىنىڭ ئىختىيارى. ئىككىنچى بىراۋ بۇنى بېكىتىپ بېرىشكە چارىسىزدۇر. شۇڭا شائىرغا ئوخشاشلا بىزگىمۇ ۋەتەن سۆيگۈسى «ئابىدە»، ۋەتەننىڭ ئۆزى «ئېزىتقۇ» دۇر. يۇقىرىقى لىرىكىلاردا «مەن» ۋەتەن ئىشقىدا پەرھاد، تاھىر بولغان. شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىغا سىڭىشتۇرغاندا ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شېئىرىي پىكرى ئۆزگىچە پۇراقتا ئىگە.

«كېچە ئانا غېمىنىڭ قالدۇق كۆيۈكى»، «كېچە» بۇ شېئىردا شائىرنىڭ ئىدراكى ئۆزى تەلەپ قىلغان نەرسىنى ئىزدەيدۇ. «يۇلتۇز» نى

ئەللەي ناخشىسى، «ئاي» نى كۆرگەن چۈشىنىڭ مەقسىتى قىلىنىۋالىدۇ. لىرىكىدا يارىتىلغان ناھايىتى باي چوڭقۇر فانتازىيە مۇھىتى ئەمەلىيەتتە كەلگۈسىدىكى رېئاللىققا ھامىلدار بولغان مۇھىتتۇر. «چۈش» لىرىكىسىنى شائىر غايىسىنىڭ بەدىئىي كۆرۈنۈشى دېسەك، «بۆركۈتسىز ئۇۋا» تۇرمۇشقا مۇستەقىل باھا بېرىشىنىڭ بەدىئىي نەتىجىسىدۇر.

سىمۋوللۇق تۈس بېرىلگەن «بۆركۈتسىز ئۇۋا» بىزگە ئاجايىپ بىر ئېنىق مەنزىرە بېرىدۇ. مەنزىرە ئىچىدە ئوبراز قەد كۆتەرگەن دېگەندىن كۆرە، زىددىيەت ئىچىدىكى شائىرنىڭ ھېسسىياتى چېچىلاڭغۇ تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى شېئىرىي مەنزىرە ئىچىگە ئۇيۇشتۇرغان، ھېسسىيات روشەن خاراكتېرگە ئىگە بولغان دېگىنىمىز تۈزۈك. سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە «كۆلەڭگىلەر»، «ئۇچۇپ يۈرگەن» غازلار «ياش بىلەن نەملەنگەن پۈتۈن ئاۋازى»، «بۆركۈتسىز ئۇۋا» دېگەن پىكىر بىلەن ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە. ئەگەر، ئۇۋىدا بۆركۈت بولسا ئىدى، «كۆلەڭگىلەر بولمىغان»، «غازلار» ئۇچۇپ يۈرمىگەن بولاتتى. تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن، سەۋەب نەتىجىسى ئېنىق بولغان سىمۋوللاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۈسكە ئىگە بولغان بۇ شېئىردا شائىر رېئاللىق بىلەن يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ قىياپىتىدىكى ئوخشاشلىققا ئىزدەنگەن، كۆزىتىشىنىڭ نەتىجىسى

بىخەۋەر تۇرغان شائىر «ھەقىقەت» ئىشىكىنى چەككەندە ئاڭ ئۆزگىرىشىگە ئېرىشىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي پىسخىك قۇرۇلمىسىدىكى ئىچكى ئۆزگىرىشنى شېئىرغا ئىخچاملاشقا مۇمكىنلىك بېرىدۇ. شائىرنىڭ تەۋرىنىپ تۇرغان ئىرادىسى ئۈمىد بىلەن ئۇچراشقاندا ھاياجىنى شائىرنى «خىزىرلىق» ئورنىغا «خىزىر»، كۆتۈرىدۇ. بۇ شېئىردا ھېسسىيات ئۆزىنىڭ رولىنى كۆرسىتىش جەريانىدا ئىرادىگە يول ئېچىپ بېرىدۇ. ئەگەر ئىرادە ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتىدىغان ئورگان دېيىلسە، شۇنداقلا ھېسسىيات ئارقىلىق مۇستەھكەملىنىدىغان قەتئىيلىكتۇر. بۇ قەتئىيلىكنىڭ داۋامى «بۇلۇت ئۈستىدە» دېگەن شېئىردا تېخىمۇ روشەن ئوبراز ھالىتىگە كىرىدۇ. «يەيمەن ئۇپۇقنى»، «قۇچىقىمدا ئۇخلايدۇ جاھان» دېگەن مىسرالاردا ھېسسىيات يۈكسەللىككە كۆتۈرۈلۈپ، غايە — ئىنسانپەرۋەرلىك، شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى، ئىنتېرناتسىئونالىزملىق ئىدىيىۋى ئېقىم دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. غايىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىش تەقەززالىقى، سۇبيېكتىپ دۇنيادىكى رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش مەقسىتى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ. ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان ئادەم بولامدۇ، «ئۆلۈمنى ئىزدەش»، «ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان ئادەم باتۇر ئەمەس، بەلكى قورقۇشنى بىلىپ تۇرۇپ، قورقۇشقا قارشى كۈرەش قىلالىغان ئادەم باتۇردۇر». شائىر نېمىشقا

| تاغلاردىن قايت-
ـپ كەتتى، تـ-
ـەبىئەتتىكى قـ-
ـئىيەتتىكى ئىج-
ـروپ، ماھىيەت-
ـۇرۇن ئىقتىدارى
ـسەمۇ ۋولاشتۇرۇش
ـانلىقىنىڭ پاكـ-

قۇرلىمىسى بىلەن كېيىنكى ئىككى ھەسرانىڭ قۇرۇلمىسىدىكى پەرق، مەزمۇندىكى پەرق تۇ- پەيلى پەرقلىق كۆرۈنىدۇ، پىكىر قارىمۇ- قار- شىدەك تۇيۇلىدۇ. بىراق پىكىر ئاخىرلاشقان- دا بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ. «ۋەتەن» لىرىكىسىنىڭ قۇرۇلمىسى، پىكىرىنىڭ ئىزچىل تەر- تىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ھېسسىياتىنى تۇغدۇرىدۇ، تۇغۇل ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئىش-

كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ناھايىتى چوڭقۇر پىكىر تىرەنلىكىدە ھەر بىر كۇپلېتنىڭ مەزمۇنى بىر - بىرىگە ئىزچىل باغلانغان. «چۈش» لىرىكىسىدە پىكىرنى چېچىۋېتىش شەكلىنى قۇرۇلما قىلغان. بۇ قۇرۇلما تېپىك ئاڭ ئېقىمى قۇرۇلمىسى بولۇپ، شائىر ئۆزىنىڭ ئېڭىدا غايىبىي بىر دۇنيا ياراتقان. «بۈركۈتسىز ئۇۋا» شېئىرىمۇ بۆلەكلەر تەرتىپىدە يېزىلغان. كۇپلېتلار ئاخىرلاشقانىدىن كېيىن بىردەكلىك يوقتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما پىكىر كۇپلېتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلى سەكرەتمە ھالەتتە بېرىلگەن مۇنداق قۇرۇلما تارقاقتەك، بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتسىزدەك تۇيۇلىدۇ؛ ئەمەلىيەتتە «بۈركۈتسىز ئۇۋا» دېگەن پىكىر مارجانغا ئۆتكۈزۈلگەن يىپتەك شېئىرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. «ھەقىقەت» لىرىكىسىدە ھەر ئىككى مىسرانىڭ شەكلى قارىمۇ - قارشى قويۇلغان. «ھەقىقەت» ئىشىكنى چېكىدۇ. شائىرنىڭ «ئىپى» قاچىدۇ، تاسادىپىلىق يۈز بېرىدۇ. بىراق تاسادىپىلىق مۇقەررەرلىك ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ.

مۇنداق شەكىلگە نەزەر ئاغدۇرۇش، چېچىلاڭغۇ تۇيغۇلارنى بىر شەكىلگە سىڭدۈرۈش ئۈچۈندۇر. «بۇلۇت ئۈستىدە» لىرىكىسىنىڭ قۇرۇلمىسى «چۈش»نىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇش ئاساسىدا شائىرنىڭ ئىجادىيەت خاراكتېرىگە مەنتىقىي رەۋىشتە باغلانغان. «ئۆلۈمنى ئىزدەش» لىرىكىسىدا «ھايات» بىلەن «ئۆلۈم» نىڭ قارىمۇ - قارشىلىقى بەدىئىي پىكىرنى ئۆز ئارا سىڭىشتۇرۇش شەكلىگە ئورۇن بەرگەن پىكىرنى قارىمۇ - قارشى قويۇش رىتىمىدە مەزمۇندىن بىرلىككە، بىرلىك ئىچىدە قارىمۇ - قارشىلىقنى كۈچەيتىشكە ئېرىشكەن. ئوبيېكتىپ مەزمۇندىن ئايرىلغان گۈزەللىك مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇ يەردە شەكىلنىڭ گۈزەللىكىگە ئىزدەنگەن شائىر بەدىئىيلىك يارىتىشتا ئىچكى گۈزەللىككە ئىزدەنگەن شائىردۇر. «خائىن تاغلار» قۇرۇلمىسى ئۆزىگە خاس مۇناسىپ ئىچكى گۈزەللىككە ئىگە بولغان قۇرۇلما، بۇنىڭدىن ئۆزگىچە بولغاندا، بۇ شېئىر ئۆزىنىڭ شېئىرىي خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان بولاتتى.

«چېقىلىش» ئىككى بۆلەكتىن تەشكىللەنگەن. بىرىنچى بۆلەك ئىككىنچى بۆلەكنىڭ شەرتلىك قۇرۇلمىسى، ئىككىنچى بۆلەك بىرىنچى بۆلەكنىڭ ئىزچىل داۋامى بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەر بىر شېئىرغا سىڭدۈرۈلگەن ئاساسىي روھ سۈپىتىدە بىر سىستېمىغا كىرگەن. بۇ سىستېمىنى شائىر خاراكتېرىنىڭ قۇرۇلمىسى دېيىشكە بولىدۇ.

چاچما شەكىل بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا ئەنئەنىۋى شەكىللەردىن ئەمەس. بىراق ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئەنئەنىسى تەرەققىي قىلىش ئامىللىرىغا ئىگە، گۈزەللىك ۋە مەزمۇننىڭ زۆرۈرىيىتىدىن يېڭى شەكىلگە ئىزدەنگەن شائىر، تارىخى بار، مەدەنىيىتى بار بۇ مىللەتنىڭ روھىدا ساقلانغان گاھىدا ئاشكارا، گاھىدا يوشۇرۇن ئىپادىلەنگەن ئۆزگىرىشنى ئەنئەنىسىگە يېڭى روھ بىلەن ۋارىسلىق قىلغان. بۇنداق ئىزدىنىش جەمئىيەت ئىجتىمائىيلاشقانسېرى، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي پىسخىكىسىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشكە مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ ئۆزگىرىش مۇئەييەن ئادەملەرنىڭ پىسخىكىسىدا ئالاھىدە ئىپادىلىنىدۇ. كىشىلەر ياكى ئادەتلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ، ياكى پىسخىك ئادەتلىرىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى يېڭىدىن تەرتىپكە سالىدۇ. بۇنداق چاغدا ھەقىقەت پەقەت ئىجتىمائىي ھادىسە ھېسابلانغان

ئەدەبىيات ساھەسىدىلا ساقلىنىپ تۇرالايدۇ. بۇ، مۇشۇ مۇمكىنلىكنى تونۇپ يەتكەن شائىرغىلا ياكى ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىغا ئىجتىمائىي خاراكتېر بېرىشنى بىلگەن شائىرغىلا خاس پائالىيەتتۇر.

شېئىرنى پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقى شائىرنىڭ ئاۋۋال ئۆزىنى بايقىشىغا ئاندىن تۇرمۇشنى بايقىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بايقاش مەقسەتتىن ئايرىلمايدۇ. بۇ نۇقتىدا زوقلانغۇچى بىلەن شائىرنىڭ ئوخشاشلىقى، پەرقىمۇ بار. بەزىلەر بۇ شېئىرلارنى «چۈشەنگىلى بولمايدۇ» دېيىشىدىكەن. شېئىرغا بۇنداق تەلەپ قويۇش شائىر، ئاددى سۆزلەرنى قاتار تىزىپ «قوشاق» يېزىشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر. مەن بۇ ئارقىلىق «چۈشەنمىدۇق» دېگۈچىلەرنى ئەيىپلىمەكچى ياكى چۈشەندىم دەپ مەيدەمگە ئۇرماقچى ئەمەسمەن. ئەگەر ھەر بىر ئادەم ئەسلى تەبىئىتىگە سادىق بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى شۇ قاتاردا ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى چۈشىنىشىنى، بىلىشنى خالىسا، ئۇ ھالدا رېئال دۇنيادا چۈشىنىشكە، بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار ئازمۇ؟!

## ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى



گۈللەپ - ياشناۋاتقان ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئوبزورچىلىق ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئوبزورچى سىدىقھاجى روزى 1944 - يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان. ئۇ 1961 - يىلى ئاتۇشتا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى، 1966 - يىلى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچى بولغان. ھازىر شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكولتېتىدا ئوقۇتقۇچى.

سىدىقھاجى روزىنىڭ ئىجادىيىتى 1960 - يىللاردا شېئىرىيەت بىلەن باشلانغان. ئۇ 1982 - يىلىدىن باشلاپ «تارىم» ژۇرنىلىدا ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا «ئەدەبىي تەنقىدتە سەنئەت قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىش لازىم»، «شېئىر ئىجادىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە شائىرلىرىمىزنىڭ ئىستېتىك ئىزلىنىشى» قاتارلىق ئوبزورلارنى ئېلان قىلىپ كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا. ئۇ ھازىر ئەدەبىياتنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى ۋە ئەدەبىي ھادىسىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزلىنىپ ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە يېڭى مېۋىلەرنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

# ئانىلىق قەسىدىسى (2)

## (ئاپالىمنىڭ خاتىرىسىدىن)

ئەخمەت ئىمىن

### ئېيتىش

ئەمگىن، بالام ئەمگىن. يۇمران گىياھ باھارنىڭ ئابىھاياتلىرىنى ئەمگىنىڭگە ئوخشاش، سەنمۇ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن ھاياتلىق شەربەتلىرىنى ئەمگىن، مەن ساڭا پاك سۈتۈم بىلەن پاكلىق، ھالال سۈتۈم بىلەن ھالاللىق بېغىشلاي. مەن ساڭا تېنىمنىڭ قىزىقى بىلەن ھارارەت، يۈرىكىمنىڭ ئوتى بىلەن جاسارەت ئاتا قىلاي.

ئاھ بالام، ھۇزۇرلىنىپ شوراشلىرىڭ، مېنىڭ تېنىم ئۈمرۈمدە ھازىرقىدەك راھەتلىك، تاتلىق جۇغۇلداپ باققان بولغىمىتى - ھە؟! بۇنداق ھۇزۇردىن دۇنيادا ئانا جىنىستىن باشقا كىممۇ بەھرىمەن بولالار!؟ مەن ساڭا مېھرىم بىلەن سۈت بەرگىنىمدە سەنمۇ ماڭا مېھرىڭ بىلەن تاتلىقلىق بېغىشلىدىڭ، مېنىڭ مېھرىم ساڭا ئۆتكەندە سېنىڭ مېھرىڭمۇ ماڭا

ئاھ، بالام، پاسكىنىچىلىقنىڭ يۇقۇندىسى سېنىڭ پىستە كۆزۈڭنىمۇ ماكان ئەيلەشنى تاما قىلىۋاتسا كېرەك، مەن كۆزلىرىڭنى ئاپئاق سۈتلىرىم بىلەن يۇياي. دىلىڭغا پاكلىق، جۇشقۇنلۇق ئاتا قىلغان شەربىتىم كۆزۈڭگىمۇ پاكىزلىق، روشەنلىك بېغىشلايدۇ. ساپ دىل، ئۆتكۈر كۆز كەلگۈسى ھايات يولۇڭدا سېنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق غالىبىيەتنىڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى بولغۇسى.

### ئۆيىمىزنىڭ چېكىسىگە قىسىلغان لالە

ئىخ، بالام ئىخ، مۇھەببىتىمىنىڭ مايىسىسى! سەن تولىمۇ يۇمران، تولىمۇ نازۇك. سەن بىرەرسىنىڭ ئوتلۇق تىنىقىنىدىمۇ، سوغۇق نەپىسىنىمۇ كۆتۈرەلمەيسەن.

شۇڭا سېنى ئۆزگىلەرنىڭ كۆزىدىن ساقلاش ئۈچۈن، ئانام ئىشىكىمىزگە قىزىل شالپەر ئېسىپ قويدى.

تەۋلادلارنىڭ نوز ماكانىغا مىراسخورلۇق قىلىدىغا-

نىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي سىمۋولى.

كېچىلىرى چىراق تۇۋىدە ئولتۇرۇپ بۆ-

شۈكۈڭنى تەۋرەتتىم، بالام، بېشىڭدا پەرۋانى-

لەر ئۇچتى، چۈنكى ئۇلار ئانارەك قىزىل

مەڭزىڭنى چوغقا ئوخشاتتى.

كۈندۈزلىرى باراڭ تۇۋىدە بۆشۈكۈڭنى

تەۋرەتتىم، بالام، بېشىڭدا بوغۇن - كېپىنەك

## ئىسسىق قويۇش

دادام ئۆز ئېتىقادىنىڭ خىتابىنى قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىتىپ، ئاندىن سېنى پەردە يەتتە دومىلاتتى ـ دە، قولىغا ئېلىپ ئىسمىڭنى ئېلان قىلدى: «سەمەندەر» — ئېھ، بالام!

يانار تاغلارنىڭ قوينىدا لاۋا ـ ئاتەشلەر بىلەن ماكانداش بولۇپ ياشايدىغان بىر جانىۋار بار ئىمىش، ئۇنىڭ ئىسمى سەمەندەر ئىكەن. زېمىننىڭ يۈزىدە سانسىزلىغان جانلىق ياشايدۇ، سۇ قوينىدىمۇ ھايۋاناتلار بار، ئاسماندىمۇ تالاي ئۇچار قاناتلار پەرۋاز قىلىدۇ، بىراق ئوت ئىچىدىمۇ جانلىقنىڭ بارلىقى كىمنىڭ ئەقلىگە كەلگەن!؟

ئاتا ـ بوۋىلار ئۆز ئارزۇسىنى ئەۋلادىنىڭ مۇبارەك نامىدا نامايان قىلىشنى خالايدۇ. داداممۇ دەل شۇنى مەقسەت قىلغانىكەن.

«بالام، — دېدى ئۇ ساڭا خۇددى چوڭ كىشىگە سۆزلىگەندەك سۆزلەپ، — ۋەتەن خۇددى تۈمەن قۇياشنىڭ ھارارىتى بار غايەت زور يۈرەككە ئوخشايدۇ. بىز خۇددى ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا ئۇرغۇۋاتقان قۇتلۇق قاننىڭ بىر تامچىسى، يالقۇنلۇق يۈرەكتىن ئۇرغۇپ تۇرالايدىغان ھارارەتلىك قان تامچىسى بولۇش ئۈچۈن، مەن ساڭا لاۋا ـ ئاتەشلەر بىلەن سىرداش بولالايدىغان سەمەندەرنىڭ ئىسمىنى قويدۇم. ئەلنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ، ئەل بەختى بىلەن كۈلگەيسەن» دېدى، ئاندىن ماڭا قاراپ بەختىيارلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ئېھ، بالام — سەمەندەر بالام، ساڭا دادامنىڭ تىلىكى يار بولسۇن، سەمەندەردەك ياشا، سەمەندەردەك ياشنا.

## كۈلۈمسىرەش

ئېھ، بالام، سېنىڭ قاراشلىرىڭنىڭ ئالدىدا كۈنمۇ ماڭا خىرە كۆرۈنىدۇ، چىرايىڭنىڭ ئالدىدا گۈلمۇ مەن ئۈچۈن خۇنۈك؛ ئەمدى مېيىقىڭدىكى كۈلۈمسىرەشكە جاھاندىكى قايسى گۈزەللىكنى تەڭ قىلالاي؟!

كۈندۈزكى ئالدىراشچىلىقنىڭ ھارغىنلىقىنى كۆتۈرۈۋەتكەن، تۈندىكى ئۇيقۇسىزلىقنىڭ ئازابىنى ئۇنتۇلدۇرغان سېنىڭ تاتلىق كۈلۈمسىرەشلىرىڭ ئەمەسمۇ؟!

سەن كۈلگەندە، گويا مەن ئۈچۈن ئۆيمۇ كۈلىدۇ، ئايمۇ كۈلىدۇ.

سەن كۈلگەندە، راست، مەن ئۈچۈن جاھان كۈلىدۇ، زامان كۈلىدۇ.

ئېھ، بالام، ساڭا ئۆمۈر بويى كۈلۈمسىرەپ ئۆتۈش نېسىپ بولسۇن. چۈنكى كۈلۈمسىرەش — غەلىبە ئالدىدىكى مەمنۇنىيەت، مەغلۇبىيەت دوقالىدىكى ئەڭ زور مەنسىتمەسلىك.

## گۈڭراش

تووۋا، مۇشۇ ياشقىچە جاھاندا نۇرغۇن ئېسىل ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئاڭلىدىم، لېكىن سېنىڭ گۈڭراشلىرىڭنىڭ ئالدىدا ئەمدى ئۇ ناخشا ـ مۇزىكىلار ماڭا ھېچقانچە ئېسىل بىلىنمەيدىغان بولۇپ قالدىغۇ؟!

تووۋا، ھاياتىمدا تالاي تەسىرلىك نۇتۇقلارنى ئاڭلىغانىدىم، بىراق سېنىڭ تاتلىق گۈڭراشلىرىڭنىڭ ئالدىدا ئەمدى ئۇ سۆز ـ نۇتۇقلار ماڭا ھېچقانچە تەسىرلىك بىلىنمەيدىغان بولۇپ قالدىغۇ؟!

ئېھ، بالام، سېنىڭ گۈڭراشلىرىڭ ھېچقانداق نوتا بەلگىلىرى بىلەن ئىپادە قىلغىلى بولمايدىغان، جاھاندىكى ھەممىۋا ساز ـ چالغۇلار بىلەنمۇ نامايان قىلغىلى بولمايدىغان

ئەڭ يېقىملىق، ئەڭ نازۇك مۇزىكا.

سىنىڭ گۈگراشلىرىڭ مەنە چېكىدە يەتكىلى بولمايدىغان، ھېچقانداق پاساھەتلىك تىل ئىگىسى ئىزھار قىلىپ بېرەلمەيدىغان ئەڭ سەممىي، ئەڭ ئۇلۇغ نۇتۇق.

بۇ مۇزىكا، بۇ نۇتۇقنى پەقەت ئانىنىڭ يۈرىكىلا چۈشىنەلەيدۇ.

## ئاپتوبۇستا

سىنى باغرىمغا بىرقۇچاق گۈلدەك بېسىپ ئاپتوبۇسقا چىقتىم. بىر ئادەم بىزگە ئورنىنى بوشىتىپ بەردى. بالام، بۇ مەن ئۈچۈن ھۆرمەت ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى سەن ئۈچۈن ئىززەت.

چوڭنىڭ كىچىككە ئورۇن بوشىتىپ بېرىشى خۇددى بۈگۈننىڭ ئەتىگە، ھازىرنىڭ كەلگۈسىگە ھامان ئورۇن بوشىتىپ بېرىشىگە ئوخشايدۇ. تۈن قاراڭغۇسى سۇبھى تاڭغا جاھان سەھنىسىنى بوشاتقاندا قۇياش يۈزىدىن ئۈمىد جىلۋىسىنى كۆرگەندەك بولىدۇ. ئەجدادىمۇ شۇنداق. ئەۋلادقا ئورۇن بوشىتىشىدا ئەڭ زور ئۈمىد، مىسلىسىز ئىشەنچ بار.

مەن ئۇ ئادەمگە ئۆزەم ئۈچۈن ھەم سەن ئۈچۈن مىننەتدارلىق ئىزھار قىلدىم. ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش كەلگۈسىدە ساڭا باغلىق. ئىززەتكە ھۆرمەت، ئىشەنچكە ھىممەت ھەقىقىي ئىنساننىڭ خىسلىتى.

## زوقلىنىش ۋە ئەندىشە

سەن ئۆملەيسەن، بالام، زوقلىنىمەن، لېكىن كارىۋاتتىن يىقىلىپ چۈشەرمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىمەن.

سەن ماڭىسەن، بالام، سۆيۈنىمەن، لېكىن پۇتلىشارمىكىن دەپ ۋايىم يەيمەن.

سەن چاي ئىچىسەن، بالام، شادلىنىمەن لېكىن تىغۇرۇپ قالمىغىدى، دەپ ۋەسۋەسىگە چۈشىمەن.

سەن تاماقلىنىسەن، بالام، خۇش بولىمەن، لېكىن سىڭمەي قالامدىكىن دەپ تەشۋىش چېكىمەن.

... ... ...

سەن چوڭ بولغىنىڭدىمۇ ساڭا سۆيۈنىمەن. لېكىن سەندىن ئەندىشە قىلىمەن، بالام.

ئەجىبا، قىسمەت ئىلاھى سۆيۈنۈش بىلەن ئەندىشىنى قوشكېزەكتەك ئايرىلماس قىلىپ ئانىغىلا بېغىشلىۋەتكەنمىدۇ؟!

## ئايىغى چىقىش

ئۆملەشلىرىڭنى كۆرگەندە ھەشقىپچەكنىڭ پىلەك تارتىشلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىپ بەكمۇ شادلانغانىدىم، ئەمدى تايتاڭلاشلىرىڭنى كۆرگەندە تېخىمۇ سۆيۈندۈم، لېكىن يەنە شامالدا لىڭشىغان غۇنچىنى كۆرگەندەك ئەندىشە قىلىۋاتىمەن، بالام.

ئەكەل قولۇڭنى، مەن سىنى تۇتۇپ ماڭاي، بوراندا قېقىلغان ئالمىدەك يەرگە چۈشمىگىن.

ئۇھ ...بالام، ماڭغىن، ئەمدى ئۆزەڭ ماڭغىن.

ھاياتنىڭ يولى ئۇزۇن، ناھايىتى ئۇزۇن. ھەرقانچە ئارزۇ قىلساممۇ مەن ساڭا ئۆمۈرۋايەت يولداش بولالماسمەن بەلكىم. بۇ يول ھەر ئادەم ئۆزى باسىدىغان يول. قولىدىن تۇتۇپ يېتىلەشلەرمۇ، قولتۇقتىن يۆلەپ مېڭىشلارمۇ، مەيىگە سېلىپ كۆتۈرۈشلەرمۇ ۋاقىتلىق.

مېڭىۋېتىپ تۇيۇقسىز كەينىڭگە ئولتۇرۇپ قالدىڭ، كۆزلىرىڭدە قورقۇنچ ۋە ھەيرانلىق. قورقما، بالام، ھەيرانمۇ قالما. يۈگۈرۈكلىكى بىلەن جاھان ئەھلىنىڭ ئاغزىنى ئاچتۇرۇپ قويغان، ھارماس ئاياغلىرى بىلەن ئاسمانپەلەك چوققىلارنىڭ گەجگىسىدە بېسىپ تۇر-

www.uyghurkitap.com

غان قايسىبىر ئەزىمەت كىچىك چېغىدا يىقىلماي تۇرۇپ مېڭىشنى ئۆگىنىپتىكەن؟

ئاھ، بالام، مېڭىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت ئالدىڭغا يىقىلدىڭ، مەن ئۇچقاندەك بېرىپ سېنى يۆلىۋالدىم. كۆزلىرىڭدە ياش ۋە ۋايىم، يىغلىما، بالام، يىغلىما. زېمىن يىقىلىشنى كۆتۈرىدۇ، بىراق يىغلىغاننى كۆتۈرمەيدۇ.

تۇرمۇش يولىدا يىقىلغاننى يۆلەپ قويۇش بار، لېكىن يۆلەپ مېڭىۋېرىش دائىمىي بولۇۋەرمەيدۇ.

ماڭغىن، بالام، ماڭغىن. كەلگۈسىنىڭ ئەگرى - توقاي لېكىن پارلاق يوللىرى، بىلىمنىڭ تىك، خەتەرلىك، يۈكسەك چوققىلىرى ساڭا تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ. هازىرقى تايتاڭلاپ مېڭىشلىرىڭ كېلەچەكتىكى مەزمۇت قەدەملىرىڭنىڭ ئىپتىدائىي ئاساسى بولۇپ قالغۇسى.

## ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى



كۆزگە كۆرۈنگەن ياش يازغۇچى ئەخمەت ئىمىن 1950 - يىلى ئۈرۈمچىدە مەرىپەت سۆيەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. 1957-يىلىدىن 1967 - يىلغىچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1981 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىل سىنىپىنى پۈتتۈرگەن. هازىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ. «قەلب سادالىرى» ناملىق نەسىرلەر توپلىمى 1986 - يىلى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. «هالاكەت»، «ئەلىسىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى»، «دېڭىزدەك ئىزۇئىرا» قاتارلىق رومان، پوۋېستلارنى تەرجىمە قىلغان. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى

«پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە» ناملىق نەسرى 1985 - يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «مېنىڭ بىر كۈنۈم» ناملىق نەسرى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك، «تىرىك يېتىمنىڭ ئاتىسىغا» 2 - دەرىجىلىك، «مۇزىكىدىكى سۈرەت» 3 - دەرىجىلىك، «قىزىلتاغ ئۈستىدە» ناملىق نەسرى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، «گۈلەڭگۈچ» ناملىق شېئىرى رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ره ئۆپۇقۇمنى يورۇتالمىدى ...

مىدىكى سۇ پەرىسىنىڭ خەزىنىسىگە قامالغان رەڭدار يورۇق

چاچقاندىلا ئالەم روشەنلىشىدۇ.

لىك ۋە خۇش پۇراقلىق بىلەن بېزىگەن باغۇەنگە ماسلىشىپ،

www.uyghurkitap.com

كۆزۈڭنى سېھرىيلىك بىلەن قاماشتۇرۇپ تۇرغـان نەرسە ئېگىز قىـيا ئۈسـتىدىكى گۈزەللىك راۋىقى.

گۈزەللىك سېنى سېھىر بىلەن مەپتۇن قىلامدۇ ياكى سەن گۈزەللىكنـى سېھىر بىلەن كۆزىتەمسەن؟ بۇ باغرىڭنىڭ ھەسىي ھالىغا باغلىق ...

مېنىڭ بىلىدىغىنىم: بۇ راۋاقنىڭ ئوڭ يېقىدا ياخشىلىـقلار پەرىشتىسـى دېيـانەت شىپاگى سالسا، ئۇنىڭ سول يېقىدا يامانلىقلار دىۋىسى ھىلە - مىكىر خەندىكى كولايدۇ.

دىلىمنى خاتىرجەمسىزلەندۇرۇپ تۇرغان نەرسە گۈزەللىكنىڭ تەقدىرى!

ئادەم ئۆزى خاتىرجەم بولغان نەرسىنىڭ ئۆزىدىـن خاۋاتىرلىنىدۇ. چۈنكـى: كېـچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئۆز تىپاتىرىنى كۆرسىتىدىغان سەھنىسى بىرلا ئاسمان.

شائىرنىڭ شېئىرى بولمىسا، گۈزەللىكنىڭ ئېچىلمىغان ياقۇت خەزىنىسى ۋە ياكى غەرق بولۇپ كەتكەن كېمىنىڭ گەۋدىسى.

سېنىڭ گۈزەللىكىڭ بولمىسا، شائىرمـۇ غوزىسىز چار كېپىنـەك ۋە ياكـى سىياسىز قۇرۇق قەلەم.

ئادەملەر ئۈمىد قالۇنى بىلەن ئۆتكەن ھاياتىنىڭ ھەسرەتلىـك مەرسىيەسىنـى چېلىپ كەلدى. تارىخنىڭ ئۈمىد بىلەن كۈتىدىغىنى ئىنسانىيەتكە بېغىشلانغان زەپەر قەسىدىسى.

قەلبىڭدىن ئاڭلىدىم نازۇك سادانى، ئۇ بەلكى تۈمەن يىللىـق كونـا مۇھەببەـتنىڭ داۋامى.

ھۆسنۈڭدىن كۆردۈم يېڭى گۈلشەننى، ئۇ بەلكى كەلگۈسى گۈزەللىكنىڭ ئۆلچىمى.

ئاسمان يىراقلىقى بولمىسا يۇلتۇزلار تەكتىكى ئۈزۈم؛
دېڭىز تىرەنلىكى بولمىسا مارجانلار بېغىمدىكى بۈلدۈرگەن؛
ھىجران مۇشكۈلى بولمىسا سەن مېنىڭ ئالدىمدىكى ھەيكەل.

زاماندىشلىرىڭ سېنى ھەسەت كۆزى بىلەن كۆرۈپ رەشىك قىلىشىدۇ.
كېيىنكى كىشىلەر سېنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرۈپ مەپتۇن بولۇشىدۇ.
كەلگۈسى سېنى مەدھىيىلەيدۇ.

تارىخنىڭ كالىنىدارى رەھىمسىزلىـك چۇۋقانلىرى بىلەن تولغان. ئـۇ يىـراقلاشقـانچە ھېكايىلەردەك ئۆزىنى لېرىكىلىق بىلەن بېزەيدۇ.

كەلگۈسى خىياللىرى مەھلىيالىق شولىلىرىنى چاقنىتىپ تۇرغان جانانىمنىڭ كۆزى ...

زىبۇ - زىننەت بازىرىنىڭ ئېسىل مۆجىزىلىرىمۇ بىر تال قۇندۇز چېچىڭغا تەڭ ئەمەس.
گۈزەللىكتە ۋايىغا يەتكەن گۈزەلنىڭ زىبـۇ - زىننەتكە مايىـل بولىـدىغانلىـقىغا ھەيرانمەن.

ۋاقىت ئەجدىھارىغا قەلەم نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ تاقابىل تۇرىمەن. كىشىلىـك رەھىمتى بىلەن ئۇنى يېڭىمەن.

ھۆسنۈڭگە يېقىپ تىلسىز بۇلبۇل ناخشىچى بولدى. سېنى مەدھىيىلەپ مەندەك نادان ئىلىم دەرياسىغا چۈشتۈم. قېنى مارجانلىرىڭ، قەدرىمنى چۈشەنگىن، گۈزەل سۇ پەرىسى...

مۇھەببەت ئازاب چېكىدىغان بەھىش. ئۇنتۇما، ئالما يەپ لەززەتلەنگەن ھاۋا بەھىشتىن ھەيدەلگەن.

ھەقىقىي شېئىرىيەت — ئەركىن - ئازادلىقنىڭ مەشۇقى.
نوپۇزلۇق پىكىر ئۇنىڭ مۇشىقى.

قۇلۇلە دېڭىزنىڭ تىرەن تەكتىدە تۇرۇپ قاتتىق قاپچۇقلىرىغا مارجان يىغىدۇ. ئۇ سازاڭدەك مۇلايىم ئەمەس. ئۇنىڭ شەپقەتسىز پوستى قاندەك قىپقىزىل مارجانلار خەزىنىسى.
ئاھ، مارجان! سەن قۇلۇلىگە ئايلانمايسەن، سەن ئۇنىڭ باھاسىز تۇتقۇنى، ھەسرەت ئىچىدە نادامەت قىلىمەن: ئالتۇن ئۆز خىسلىتىنىڭ ئەكسى بولغان تاشتەك كىشىلەر ئالقىنىغا، گۈزەل قىزلار قاراقچىلار غارىغا، ئىپار كېيىكى ھېيلىگەر سەييات كانارىغا، بۇلبۇل قەپەز دەرگاھىغا بەنت بولۇشىنىڭ سىرىنى ئىزدەيمەن.
قۇلۇلە قېپىدىكى مارجانلارنى ئالەمگە چاچىمەن. ئۇنى بېلىقچىلار، ئوتۇنچىلار، ئورمىچىلار، مالچىلار ۋە كاھىشچىلارنىڭ ياماق چۈشكەن يەلكىلىرىگە چاچىمەن.
تەقدىر خارلانغانلاردىن قۇدرەتلىك ئەمەس.

مېنىڭ سېنى سۆيۈشۈم ئەركىنلىكىنىڭ ئىلتىپاتى.
مېنىڭ ئەركىنلىكىم مەۋجۇتلۇقىمنىڭ غورۇرى؛
مەن سېنى سۆيىمەن، سەندىن ھېچنېمە تەلەپ قىلماستىن، تولىمۇ مەيۈسلۈك بىلەن سۆيىمەن. مېنىڭ باغرىم گۈللەر تەكچىسى، شەيدايىلار مەيخانىسى بولغانىدىمۇ، پاكى كۆز ياشلىرى بۇلىقى، قانلارنىڭ زەرداپ بولۇپ قايناپدىغان قازىنى بولغان چېغىدىمۇ سېنى سۆيىمەن. ئەگەر سۆيگۈم تۆپەيلى سەن ئۇنى چۈشەپ قويساڭ، ئەتىۋارلىق ئەھمىيىتىنى يوقىتىسەن.

جىسمىم روھىڭ بىلەن غەمكىنلەشكەنىدى، مانا ئەمدى روھىم جىسمىڭ بىلەن ئىغىرلاشتى...
ئۇ خەلق چۆچەكلىرىنى ئاڭلىغاندا كۆز يېشى قىلاتتى.
ئۇ قىسمەت توپانلىرى قايىنىمىدا مەجنۇندەك قاقاقلاپ كۈلەتتى.
ساختىپەزلىك بىلەن تولغان ئالەمنىڭ ئادەم ۋە ھاۋا تەبىئىتىنى ئۇنتۇغان مالىمانلىرى ئىچىدە سېھىرلەنگەن ھەممە زەئىپ كۆزلەر ئۇچۇن ئۇنىڭ يىغا ۋە كۈلكىسى ئەقىلغا سىغمىغان ھاماقەتلىك ھېسابلىناتتى. لېكىن ئۇ ئادىل ئىدى.

غالىب زەپەر چوققىسىغا چىقتى، ئۇ زېمىن يۈزىگە پەرۋاسىزلىق بىلەن نەزەر سالدى.
ئارقىدىنلا ۋارقىراپ يىغلىدى.
ئەتراپتىكىلەر بۇنى سەزمىدى.

سەن خىلىل پەيغەمبەردەك ئوت ئىچىدە پەرياد چەكمىدىڭ.

سەن يۇنۇس پەيغەمبەردەك بېلىق قارنىدا ئۆز ئىشقىڭدىن يانمىدىڭ.

سېنى ئەتىۋارلاپ، ساڭا ئاتاپ قىزىل مارجانلار بىلەن پىرامىدا ياساتسام روھىڭ غەمـ-كىنلەشتى. بۇ پىرامىدانى بۇزۇپ، ئۇنىڭدىكى مارجانلارنى مۇھتاجلىق دۇنياسىغا چاچسام خۇ-شاللىق تەبەسسۇمىنى جىلۋىلەندۈردۈڭ.

سېنىڭ قەلبىڭنى چۈشەندىم، سەن يۈكسەك پەزىلىتىڭ بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدى-غان پىرامىدا.

مەن ئۆز - ئۆزەمنى تاماشا قىلىۋاتىمەن.

مەن مۇھتاجلىقتا، مۇھتاجلار ئارىسىدا؛ قىستا - قىستاڭدا، توپا - چاڭدا. مەن ھېچكىمـ-نىڭ يادىدا ئەمەس، ھەممە مېنىڭ نەزىرىمدە. ئالەم، مارجانلار بىر - بىرى بىلەن سۈر-كىشىپ، ئۇششاقلىنىپ كېتىۋاتقان قۇلۇلە قېپىغا ئوخشاپ كۆرۈندى.

مەن تەمتىرەپ قالدىم. سۇمرۇغلار تۆگەپ كەتكىنىدەك مارجان ئاتالمىشىمۇ يوقالغان نەرسىنىڭ قالدۇق نامى بولۇپ قالمىغىنى. بېلىق كۆزلەر مېنى تونۇمايدۇ، گۆھەر كۆزلەرنى مەن تاپالمايمەن.

تىترەپ تەمتىرەيمەن. ئېچىنىپ يامغۇردەك ياش تۆكىمەن.

ئالەم ئەمدى مېنى تاماشا قىلىۋاتىدۇ.

باغۇەن ئۆزۈمنىڭ شېرىنلىكىدىن پەخىرلەنمەيدۇ، ئۇنى تېتىغانلارنىڭ مـاختاشلىرىدىن روھلىنىدۇ. سېنىڭ سۆزلىرىڭ ماڭا ھەممە مېۋىدىنمۇ تەملىكرەك.

مۇھتاجلارنىڭ مورىسىدىن چىققان ئىسنىڭ يېرىمى يېقىلغۇ، يېرىمى ئاھۇ - پىراق.

كامىرانلارنىڭ تۇرخۇنىدىن چىققان تۈتەكنىڭ نىسپىي يېلىنىز، نىسپىي يوپۇرماق.

ئىسكەندەرنىڭ ھەر بىر غەلىبىسى ئۇنى غەمكىن قىلغانىدى. ئۇنىڭ ياشلىق چېكىسىگە چۈشكەن ھەر بىر ئاق پامىرنىڭ مەسخىرىسى ئىدى.

ئىسكەندەر تېخىمۇ كەڭ زېمىنغا قول سوزغىچە، شۇنچە سىقىقلىق ھېس قىلدى. تارىخ ئاڭا قول سوزغانىدى.

سەن ئالتۇن يالاتقان مەبۇد ئەمەس، ھەقىقىي بەدەقشان ياقۇتى.

رىپىدىنمىنى تىغ قىلىپ ئىلكى ئىزدىق دۇنچە — ھارجانىنى دۇزدە—

مىنىڭ مەگزىمدىن ئېقىپ سىنىڭ لىۋىڭگە تامچىغاندا، مۇرابىا

ئەججۇپلىمىنەن.

•

ۇ شەبنەم ياشلىرىڭنى تۆكمىدىڭغانسەن.

مالىڭ بىلەن سۆرتكىنىڭدە، شەپەق شولىسىدا بۇ شەبنەملەرنىڭ

ى بايقىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەن دالا گۈلخانىنىڭ يالقۇنى. سەن پەرۋانىلەرنى بەس - بەسكە سالىدىغان مەھلىيالىق چىرىقىنىڭ ئوت تاجىسى. جىمجىتلىق ئىچىدە تەپەككۇر قىلغىنىمدا، چاچقان شولاڭنىڭ ھەر بىر زەررىسىنى تالىشىپ، ئەتراپىڭدا ھايات جىۋىنىڭ قايىناملىرى يۇلۇقلىغانلىقىنى كۆرىسەن.

مەن كىچىككىنە ياۋا رەيھاننىڭ سۇسىرىغان چېچىكى. مېنى سۇغىرىپ يۇرۇۋاتقان نەرسە مېنىڭ يىلىلىق مۇھەببەت شەبنىمى. يوپۇرماقلىرىم سۆيگۈ شارابىدىن مەس بولدى.

ئالەمنىڭ ئەڭ كونا، پاك مۇھەببىتىنىڭ شىۋىرلاشلىرى ھەر خىل تىل ۋە ئاھاڭلاردا مېنىڭ قۇلىقىمغا گۈزەللىكنىڭ ھەمجەھەتلىكىنى (گارمونىيىسىنى) يەتكۈزدى.

مەن كىچىككىنە ياۋا رەيھان گۈلىنىڭ ئەمدىلا ئالەمگە كۆز ئاچقان چېچىكى، ھەيۋەتلىك ئىشق تەڭرىسىنى مەپتۇن قىلىدىغان بۇ شەبنەم زۇمرەتلىرىنى كۆتۈرۈپ چايقىلىشقا قۇدرىتىم يېتەرمۇ. مەن ئودىسسانىڭ ئېغىر ئوقياسىنى، پەرھادنىڭ ئالماس بازغىنىنى كۆتۈرەلەرمەنمۇ.

يېنىمدىن يەنە شىۋىرلاش ئاڭلاندى: جاسارەتلىك بولغىن، مەن ساڭا مەڭگۈ تەئەللۇق.

ھاياجانلاندىم، ئەلمىساقتىن بۇيانقى كونا مۇھەببەت ئۆزىنىڭ پاكلىقى بىلەن مېنى قۇدرەتلىك قىلدى.

مەن توي قىلىۋاتىمەن... مۇھەببەت شېخىدا بىخ چىقارغان قىزىلگۈل پورەكى بىلەن توي قىلىۋاتىمەن.

تۈن كېچىسى، چىراق شەيدالىرى — پەرۋانىلەر چوڭ گۈلخان ياسىدى، چىمەنلەر ماڭىمۇ گۈللۈك كىيىم كىيدۈرۈپ بېشىمغا گۈلتاجى تاقتى.

گۈللەر ئارىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاي كۈلۈپ تۇرغان ئىشق ئىلاھىسىگە ئوخشايتتى.

شاماللار راۋاپىنى ئالدى. شەبنەم شارابلىرى بىلەن مەس بولغان مېھمانلارنىڭ ھەممىسى، جۈملىدىن پەخىرلىكى مەنمۇ باغۋەننىڭ ئىجادىيىتى ئىدۇق. بىزنى يوپۇرماقلار يوپۇتۇپ تۇراتتى.

ئېسىمدە مۇشۇ كۆڭۈللۈك توي كېچىسى. مېنىڭ كۆرگەنلىرىم تىلسىز بۇلبۇلنىڭ، سادىسىز ساتارنىڭ كۈيلەنمىگەن مۇقامى بولۇپ، تىلىم ئۇچىدا، يوپۇرماقلار ئارىسىدا قالدى.

مېنى زوق ۋە تەبەسسۇم بىلەن كۈلمىدى دېمەڭسىن. مەن مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈشنى قانداق ئارزۇ قىلماي... مەن تەبەسسۇم ۋە مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈشكە كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا تاقەتسىز تۆپلانغان ياش مونچاقلىرىم يۈزۈمنى قاپلايدۇ، مەن خىجىللىق ئىچىدە ئويلىمەن.

مەن ۋارقىراپ پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلىمايمەن. چۈنكى مەندە ئالەم قايغۇلىرىغا ھەيرانلىق يوق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ناتونۇش ئەمەس.

مەن مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن كۈلمەكنىڭ مەستانىسى، ئەمما قەلبىم بىلەن كۆز چاناقىم ئاۋازسىز كۆز ياشلىرىنىڭ بۇلىقى.

سەن مېنى مەيۈس پىكىرلەرنىڭ مەپتۇنى دەپ ئەيىبلىمىگىن. ئۆزەممۇ چۈشەنمەيمەن. پەرۋاز قىلىشقا ئىنتىلىپ قانات قاققان قۇشتەك قەلبىمنىڭ كۆز ياشلىرى دەرياسىدا بېلىق بولۇشىغا مۇيەسسەرلىكىنى چۈشەنمەيمەن. ئېھتىمال، بۇ مېنىڭ مۇلايىم راستچىللىقىمدىندۇر.

www.uyghurkitap.com

ئالەم ئۆزىنىڭ مېھرلىرى بىلەن ئۆز سىرلىرىنى يوپۇتالارمىدۇ...

مەن كۆز ياشلىرىمنى سەبىلىك بىلەن ئاققۇزۇپ تۆكەتتىم، ئۇنىڭ ئىپرىتىلگەن ئۇنچە - مارجان ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي. ئۇنىڭ ساقىندىلىرىدىن پەيدا بولغىنى يوپۇرماقلار تەخسىسىدىكى شەبنەملەر. ئۇنىڭ كۆل ئۈستىگە چۈشكەنلىرىدىن مەرۋايىت ۋە قىزىل مارجانلار تۆرەلدى. سېنىڭ مەڭزىڭگە چاچرىغانلىرىدىن ساڭا ھۆسن قوشۇلدى، يۈزۈڭ بەدەخشان ياقۇتىدەك، مەڭزىڭ يۇرتۇمنىڭ گىردە - توقاشلىرىدەك قىزاردى. ئۇنىڭ ناگاندا ئاپتاق سەھىپىلەرگە تامچىغانلىرىدىن نەزمىلەر پەيدا بولغانلىقىنى كېيىنچىرەك بايقىدىم.

مەن كۆز ياشلىرىمنى بەختسىزلىك بىلەن ئاققۇزۇپ تۆكەتتىم. ئۇنىڭ ئىپرىتىلگەن ئۇنچە - مارجان ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي. ئۇلار ئافرودىتىدىن* ئىلگىرى، قەدىمۇستىن مۇقەددەم ئادەمنىڭ تۇنجى پەرزەنتىدىن ئىلگىرى يارالغانىكەن. ئۇنىڭدا كۆزنى غىدىقلايدىغان يۇلتۇزلارنىڭ ئايەتلىرى، ئىزى قالمىغان سەۋرۇغنىڭ ۋەسىيەتلىرى، زېمىن ئۈستىدە سۇ بىلەن شامالنىڭ ھۆكۈمرانلىق تالىشىش تۇپان تەزكىرىسى، مۇزلىكنى ۋايىغا يەتكۈزىدىغان جىمجىتلىق ۋە قىقاس - چۇقانغا تولغان ئۆلۈم دەبدەبىسى ئۆز نەمۇنىلىرىنى مۇمىيا قىلىپ كەتكەنىكەن.

چوڭقۇر مەيۇسلۇككە غەرق بولدۇم. دېڭىز ياقىسىغا ئۇرۇلغان بۇژغۇنلاردىن كىمدۇبىرسىنىڭ ئىلاھى نەۋھى ئاڭلاندى: كۆز ياشلار ئالەم يۈزىنى يېڭىلايدۇ، مارجانلار تاۋلىنىدۇ، ئۇ قۇياشنىڭ پەرزەنتى، ئىنسانىيەت غەلىبىسىنىڭ بارىمتايى**...

ھەقىقەت ۋە ئىلىم بىلەن بېزەلگەن كىچىككىنە تەپەككۇر يەلكىنىگە چۈشۈپ، قىيا - چىيالار دېڭىزىدا داۋالغۇپ ئىلگىرىلەۋاتىمەن. كىچىككىنە تەپەككۇر يەلكىنىگە چۇقانلار تۇتەك سېپىپ مېنى ھالسىراتتى.

ھالسىزلىقتىن چۈشەكىدىم. مېنىڭ سۆيىدىغىنىم مۇھەببەت ۋە ھېسسىياتلار گۈلىستانىنىڭ مۇلايىم، يىلىلىق، لەرزان مۇزىكىسى. ئۇ ئۇمىد تەڭرىسىنىڭ شېئىرلىشى. ئۇ قىيا - چىيالار بوتقىسىدىن قىزىل شاراب ئىشلەپچىقىدىغان ئاجايىپ ھامى. قىزىل شاراب لېۋىمگە تەگمەي تۇرۇپ ئەندىكىۋاتىمەن. ھېسسىياتسىز ئەقىل، مۇھەببەتسىز ھەقىقەت مېنىڭ سۆيگۈلىرىمگە مەتىسىزلىك بىلەن يوپۇلمىغىتى، ئۇ خۇددى ئادەم چۈشىدە كۆرىدىغان جانسىز ئەرۋاھتەك ماڭا يوپۇلمىغىتى... بۇ ئەرۋاھ ئۆز قۇدرىتىدىن قورقۇپ ئۆزىنىڭ زەپەر شارابىدىن پەرىشانلىق پەريادى چەكمەكتە.

مۇسىبەتتىن ئىبارەت ئادەم قەلبىدىكى ھېسسىيات يالقۇنى ئۆزىنىڭ نۇرانە غۇنچىسىنى ھەمىشە ئۆزىگە ناتونۇش نەرسە ئۈستىدىلا ئېچىلدۇرىدۇ. ئۇ ئالەمنىڭ ھەمىشە تەكرارلىنىدىغان ۋە پەقەت ناتونۇش مەشۇقىغا ئاتالغان لىرىكىسى.

ئۇ ئادەمنىڭ بارلىق ئەركىن ئارزۇلىرىنىڭ بىرىنچى ئەڭ نوپۇزلۇق ھوقۇقى.

---

* ئافرودىت — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى گۈزەللىك مۇھەببەت ئىلاھىسى.

** گۆرە ئورنىدا ساقلىنىدىغان شاھزادە.

مەن ھاياتقا مۇھەببەت بىلەن، ياشلىق چېچەكلىرى بىلەن قولۇمنى ئۇزاتتىم.

ھايات گۈزەرىدىكى چېچى ئاقارغان غۇربەت سەرگەردانلىرى ماڭا جاھانكەشلىك سەۋدالىرى بىلەن پىچىرلىدى: بەختسىز سەرگەردانلىق.

ئۆزەم توغرىلىق كۆز ياش ئاققۇزۇشتىن تارتىنىمەن. مەندە مۇنداق كۆز ياشلار يوق!

سەن ئۈچۈن يىغلايمەن! مېنىڭ ساڭا ئاتىغان ھەممە غەزەللىرىم، قەسىدىلىرىم، رۇئىيەلىرىمنىڭ ھەممىسىلا كۆز يېشىم بىلەن يېزىلغان. مەن ساڭا ھامى ئىلاھىسى ئۇمايىنىڭ ئەرۋاھىدەك شەپقەت بىلەن نەزەر سالىمەن. سېنىڭ ئالدىڭغا دۇچ كەلگەن ئۇپقۇندىن پەريات كۆتەرسەم، سېنىڭ ھۆسنۈڭگە نۇر چاچىدىغان مەنزىرىدىن ھۇزۇرلىنىمەن. بۇلار ھەر ئىككىسىلا مېنى يىغلىتىدۇ...

مېنىڭ كۆز ياشلىرىم ساڭا پۈتۈلگەن، ساڭا ئاتالغىنى ئۈچۈن ئۇ شېئىرىيەتتىكى مەنىۋى مارجان، مەن ئۇنى ساڭا سەن مۇھتاجلىق بۆشۈكىدە قورقۇنچلۇق چۈشەكەۋاتقىنىڭدا ئاققۇزغانىدىم. سەن يېتىلگىنىڭدە بۇ مارجانلارنىڭ شەرھىسىنى چۈشىنىسەن. ئۇ چاغدا مەن ئۆزەمنىڭ ئەرۋاھى سۈپىتىدە سېنى يۆلەيمەن.

ساما كۆز ياشلىرىدىن ئۈنچە ـ مارجان چېچىپ چىرايىڭنى ئاچتىپ، سالقىن شامال شەپەق مەسكۇشلۇقىدا يېنىڭ تىندى، مېنىڭ خۇشاللىقلىرىم چېكىڭگە يەتتى. يۈزۈمگە ئېبىر نىقاب تارتىپ ئاۋازسىز يىغلاش مېنىڭ ھازىرقى ئەڭ چوڭ پىغانىم.

ئارىمىزدا تام ـ توساق يوق؛ بىر پارچە بولۇتتىن تامچىغان يامغۇر ئۆگزىمىزنى تەڭ يۇيىدۇ.

ئارىمىزدا قىسمەتنىڭ تاغ ـ دەريالىرى بىلەن بورانلىرى قېلىن. دېرىزىمىزدىن باشقا ـ باشقا پەسىللەرنىڭ يورۇقى چۈشىدۇ.

ئېيخ، نۇر قۇچىقىدا ئەركىلەپ تۇرغان گۈزەل يۇلتۇز ـــ چولپان!

سەن مېنىڭ كۆز ياشلىرىمدا ئۆزەڭنىڭ سان ـ ساناقسىز ئەكس شولاڭنى كۆرگەن...

بەرنەچی دوورودوس

قايـماقـچاي بىر دەمـــز. مانتۇ قويىمىز. ئاندىن - زە، بىر چىنــد
چاچتەك كەسكەن قىيما سالغان ئۆگرە ئېلىپ كېلىمىز. ئاخىردا ياغل
ئەتكەن پولۇ تارتىمىز، قانداق؟

قاسىماخۇن: بۇمۇ ياخشى. خوتۇن، ھەممىدىن ئېسىلى مېھماننى ئوچۇق چىراي بىل
ياخشى كۈتۈۋېلىش، ئاندىن قالسا مېھمان قايسى غىزانى، نېمىنى ياخش
كۆرىدۇ، كۆڭلى نېمىنى تارتىدۇ؟ بۇنى چۈشىنىش، بىلەمسىلە؟

تۇتى: تازا ئوبدان گەپ.

قاسىماخۇن: ئۇنداق بولسا ...

تۇتى: سىلە زادى نېمە قىل دەيلا؟

قاسىماخۇن: بىزنىڭ شاگىرتىمىز قېنى؟

تۇتى: داپنى ئوتقا قاقلاۋاتىدۇ.

قاسىماخۇن: (ئۆيگە قاراپ) مۇھەممەت ئاخۇن ھوي مەمتاخۇن:

مۇھەممەت ئاخۇن: (ئۆيدىن داپنى كۆتەرگىنىچە يۈگۈرۈپ چىقىپ) خوش، ئۇستام.

قاسىماخۇن: «ئاۋۋال تائام، بەدەز كالام»

مۇھەممەت ئاخۇن: ئاۋۋال ئۇستامغا سالام!

قاسىماخۇن: بارىكاللا! (ھەممەيلەن كۈلىدۇ)

www.uyghurkitap.com

قاسىماخۇن: ھەببەللى، يارايسەن شاگىرت!

تۇتى: (ئېرىگە) ماڭا قارىسىلا قاسىماخۇن! سىلىدىنمۇ ئۇستا ئەلنەغمىچى بارمۇ؟ سىلە دېگەن ئالتە شەھەردە باش، ئالتۇن لېگەندە ئاش كۆتەرگەن تۇغما سازەندە. قاسىماخۇن ئەلنەغمە دېسە بارمۇ، سىلىنى پۈتۈن شىنجاڭدا ئۇ يېنى ئۇرۇمچى، ئىلى، ئالتاي، بۇ يېنى خوتەن، قۇمۇل، قاراماي دېگەندەك ھەممە يەردە تونۇمايدىغان، بىلمەيدىغان كىشى يوق.

مۇھەممەت ئاخۇن: خاناچا، ناۋادەك گەپ قىلىلا جۇمۇ؟ مېنىڭ ئۇستام پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدا مانا مۇشۇنداق ئەلنەغمىچى (باش بارمىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قويىدۇ).

قاسىماخۇن: ھەر ماتادىن ھەر ماتانىڭ نەرقى بار، ئادەمدىن ئادەمنىڭ پەرقى بار دېگەننى بىلەمسىلەر؟ ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ.

مۇھەممەت ئاخۇن: (تۇتىغا قاراپ) ئاچا، بۇمۇ قايماق چايدەك گەپ. زەرگەر زەرگەرنى سۈنىدۇرمايدۇ. تونۇغان ئادەم ئالتۇننى مىس دېمەيدۇ. ئالتۇن ھەر قاچان ئالتۇن. ئۇستام ئالتۇننىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئەقىللىق كىشى.

قاسىماخۇن: بەس، بولدى. ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى.

تۇتى: ئۇنداق بولسا، ئەمىر - ! پەرمانلىرى...

مۇھەممەت ئاخۇن: مېنىڭ خىزمىتىم؟

قاسىماخۇن: بىزنىڭ ئەزىز مېھمىنىمىز كاۋاپقا ئامراق.

تۇتى: كاۋاپ؟

مۇھەممەت ئاخۇن: (شوقلۇق بىلەن) ئاچا، بەررە كاۋاپ، شاشلىك... (كاۋاپچىدەك تووۋلاپ قويىدۇ)

قاسىماخۇن: بۈگۈن بۇ قەدىرلىك مېھمانغا ئېغىلدىكى سېمىز قارا پاقلاننى سويىمىز، كاۋاپ قىلىمىز.

تۇتى: كاۋاپ دېگەن بازاردا جىق تۇرسا، كىچىك پاقلاننى سويۇپ نېمە قىلىمىز؟

مۇھەممەت ئاخۇن: (قاسىماخۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ) ئۇستام، شۇنداق قىلىلى. مەن ئۆزەم تازا قول بالىسى قىلدۇرۇپ، سېمىز قوينىڭ گۆشىدە ئەتكەن، زىرە، قارىمۇچى بار ئوخشىغان كاۋاپتىن ئون زىخ، بۇ يەتمىسە يىگىرمە - ئوتتۇز زىخ ئەكىرەي.

قاسىماخۇن: بەرىكەت ئۆيدە بولىدۇ. ئىززەت قىلساڭ ئىززەت تاپىسەن، چايناپ يېسەڭ لەززەت تاپىسەن، ھە... ئەزىز مېھماننىڭ خاسىيىتى ئۇلۇغ، قوينى سويۇڭلار!

مۇھەممەت ئاخۇن: خاناچا، بوپتۇ سويايلى، قورۇق گەپنى قويايلى. ئۇستام! پاقلاننى مەن ئۆز قولۇم بىلەن سوياي.

تۇتى: مەمىتاخۇن، سەن داپەندى تۇرساڭ، قانداق پىچاق تۇتالايسەن؟

مۇھەممەت ئاخۇن: خاناچا، مەنمۇ؟ مەن دېگەن شەمشەر، مېنىڭ جۇغۇم كىچىك، كىچىك تۇرغىنىم بىلەن ھەممە سالادا بار جۇمۇ؟ (كۈلكە)

قاسىماخۇن: يارايسەن شاگىرت! بىر ئوغۇل بالىغا يەتمىش ئىككى ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ (مۇھەممەت ئاخۇن خۇشاللىقى بىلەن سەكرەپ، داپنى ئوينىتىپ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىدۇ - دە، ئالدىغا ئاق پەشمال تارتىپ، پىچاقنى ئوينىتىپ، ئۆزىگە زوق بىلەن قاراپ تۇرغان ئىككىيلەنگە تازىم قىلغاندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ).

تۇتى: (ئېرىگە) ئەمدى شۇنداق قىلىدىغان بولدۇقما؟

قاسىماخۇن: ھەئە، سىلە تېخىمۇ چاققانراق بولۇڭلا.

تۇتى: قاسىماخۇن! (ئەركىلەپ) قەدىناس يىگىت! مەن سىلىنىڭ خىزمەتلىرىگە قاچان سۇس قارىغان؟

قاسىماخۇن: ھېچقاچان بۈگۈنمۇ سېكىلەك ۋاقتىڭلادىكىدەك چەبدەس بولساڭلادەيمەن.

تۇتى: (ناز قىلىپ) مېنىڭچۇ، ئىككى قولۇم، ئىككى پۇتۇم بار. مېنىڭ قازىنىم بوياقچىنىڭ كۆپى ئەمەس، تاماق دېگەن ئوت قالىغاندا پىشىدۇ.

قاسىماخۇن: ھە؟ ئوت قالىغاندا پىشىدۇ؟ مەن ئوت قالاپ بېرەي ئەمىسە (يەڭلىرىنى شۇمۇدەكلەپ ئۆيگە ماڭماقچى بولىدۇ).

تۇتى: (ئېرىنىڭ ئالدىنى توساپ) كايىپ كەتمىسىلە، مانا مەن بار.

قاسىماخۇن: ئەگەر سىلە ئالدىراپ قالىدىغان ئىش بولسا قوشنا - قولۇملىرىمىز ئوبدان، ئۇلاردىن بىر - ئىككىنى ياردەمگە قىچقارمايلىمۇ؟

تۇتى: كىمنى قىچقىرىمىز؟ چولپانخانىنىمۇ ياكى ھەسەلخانىنىمۇ؟

قاسىماخۇن: مەيلى، قايسى بولسا.

تۇتى: (باشقىدىن ئېچىلىپ) بولدى، ھەممىگە ئۆزەم ئېتىيمەن. زادى بۈگۈن قانچە ؟

قاسىماخۇن: ئەتىگەن دېدىمغۇ، بىرلا.

تۇتى: بىرلا؟

قاسىماخۇن: شۇنداق.

تۇتى: ۋاي - ۋۇي، شۇ بىرلا كىشىگە شۇنچىلا قىلىپ كېتەمدۇق؟

قاسىماخۇن: خوتۇن، چىرايلىق خوتۇن! چىراق بىر. پەرۋانە بەش، ئەلۋەتتە بىرتوپ پەرۋانە بىر چىراقنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ - دە.

تۇتى: گەپلىرى جايىدا، مەنمۇ بىر پەرۋانە، چۆرىلىرىدە ئايلانغان. قانداق؟ (كۈلكە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بوۋىلار ياققان چىراقنىڭ ۋارىسى بولماق كېرەك،
خەزىنىمىزنىڭ ئاچقۇچىنى جايىغا قويماق كېرەك.
تۇتسا مەھكەم ئالتۇن ئاچقۇچنى كېلەر ئەۋلادىمىز،
پېشقەدەملەر كۆڭلىنى توق ھەم خۇشال تۇتماق كېرەك.
دەرت - ئەلەمنى بىللە تارتتۇق ئەي ساتارىم سەن بىلەن،
ئەمدى كۆرگەن بۇ باھارغا مەدھىيە قوشماق كېرەك،
خىسلىتى ھۆرمەتكە لايىق بىر قەدىردانىم كېلۇر،
بۇلبۇلۇم بىل، ئىپتىخارنىڭ شاخىغا قونماق كېرەك!

روزاخۇن: (ناخشا ئاخىرلاشقاندا سىرتتىن ئالتۇن ھەل بىلەن نەقىشلەنگەن «ئون ئىككى مۇقام» دەپ ھۆسنىخەت يېزىلغان يوغان بىر كىتابنى قىزىل دۇخاۋىغا ئوراپ، چىرايلىق بىر پەتنۇسقا سېلىپ كۆتەرگەن ھالدا كىرىپ كېلىدۇ) خۇش خەۋەر قاسىمكا!

قاسىماخۇن: (ساتارنى دەرھال سۇپىدا قويۇپ) ئىززەت - ئىكرام بىلەن روزاخۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ پەتنۇس ئۈستىنى ئاستا ئېچىپ، كىتابنى خۇشاللىق بىلەن قولىغا ئېلىپ) ئون ئىككى مۇقام! ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەلتەنەتلىك ئون ئىككى مۇقامى! بىزنىڭ مۇزىكا بايلىقىمىز، ئەدەبىيات - سەنئەت خەزىنىمىزدىكى قىممەتلىك گۆھەر ... (كىتابنى سۆيۈپ، پېشانىسىگە سۈرتۈپ تاۋاپ قىلىدۇ)

روزاخۇن: بۇ گۆھەرنى تۇردى ئاخۇن ئاكام ئۈرۈمچىدىن ئالغاچ كەپتۇ.

تۇردى ئاخۇن: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بۇرادىرىم!

قاسىماخۇن: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قەدىردان دوستۇم! قەدەم تەشرىپلىرىگە مۇبارەك
بولسۇن.

تۇردى ئاخۇن: ئۆزلىرىدىن بولسۇن! بۇرادەر!

هوشۇر ئاخۇن: ئۆزلىرىدىن بولسۇن! تىنچ - ئامان تۇرۇشلا؟

قاسىماخۇن: شۇنچىلىك، قېنى - قېنى، يۇقىرى چىقايلى، تىنچ - ئامان كېلىشتىلە؟

تۇردى ئاخۇن: خۇداغا شۈكۈر ... (دۇئا قىلىنىپ، قوللار يۈزگە تارتىلىدۇ. ئاندىن رو
زاخۇن ئۆيدىن داستىخان، چاي ئېلىپ چىقىدۇ)

قاسىماخۇن: (زىيادە ھاياجانلىنىپ سەھنە ئالدىغا كېلىدۇ - دە، مېھمانلىغا بېغىشلانغان
تۆۋەندىكى تونۇشتۇرۇشنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇيدۇ)

دېكلاماتسىيە

يارىمۇ دۇنيادا مۇراد - ئارمانىغا يەتكەن كىشى،
تاش چېپىپ، ئۆستەڭ ئېلىپ بوستانىغا يەتكەن كىشى؟
يوق ئىكەن ئىشـق ئەھلىنىڭ داستانىنى ۋاراقلىسام،
تارتىسىمۇ مىڭ بىر جاپا، جانانىغا يەتكەن كىشى.

(تۇردى ئاخۇننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ)

بىزدە بار مەقسەتلىرى گۈللەپ ئېچىلغان قەھرىمان،

www.uyghurkitap.com

هوي، تۇردى ئاخۇن ئاكامنى كېلىدۇ دەپ، بۇرۇنراق ئېيتىپ دېمەمدىغان ماڭا؟

قاسىماخۇن: قەھرىمانىنى يىراقتىن كۆرگەن ياخشى. قاراڭلا خوتۇن، تۇردى ئاخۇن بۇ قېتىم ئۈرۈمچىدە ئون ئىككى مۇقامنى مانا بۇ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن بىلەن لېنتىغا ئالدۇرۇپ كەپتۇ. (كىتابنى قولىغا ئېلىپ ئايالىغا كۆرسىتىپ) مانا بۇ كىتاب — «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ نوتىغا ئېلىنغان نۇسخىسى، تۇردى ئاخۇننىڭ ئۆچمەس تۆھپىسىنىڭ تارىخىي گۇۋاھچىسى.

تۇتى: بۇ كىتابنىڭ چىققىنىنى ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. تۇردى ئاخۇن ئاكا ئۆچمەس ئەجرى قالدۇرۇپلا مانا. مۇبارەك بولسۇن!

ھەممە: مۇبارەك بولسۇن!

تۇردى ئاخۇن: رەھمەت، ھەممىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن!

روزاخۇن: تۇردى ئاخۇن ئاكام ئون ئىككى مۇقامنى تولۇق بىلىدىغان، ئۇنى پاكىز ساقلاپ كەلگەن خەزىنىچى. خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى خەلققە تاپشۇرۇپ مەقسەت - مۇرادىغا يەتتى.

تۇردى ئاخۇن: رەھمەت - ئازاد زامانىمىزغا، ھەر قايسىلىرىڭلاردەك قەدىردان زامانداشلىرىمىزغا رەھمەت!

مۇھەممەت ئاخۇن: (پەتنۇسقا ئېلىنغان تەخسىدە كاۋاپ كۆتۈرۈپ كىرىپ) مانى... ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! پىشقەدەم ئۇستازىمىز تۇردى ئاخۇن ئاكامغۇ بۇ؟

تۇردى ئاخۇن: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. بەللى، رەھمەت مەمەتاخۇن! مانا ئۆزلىرىمۇ چوپ - چوڭ يىگىت بولۇپ قاپلا. قاسىماخۇندىن ياخشى ئۆگىنەيلى.

~~مۇھەممەت ئاخۇن: ئوبدان، ئۆمرۈم بويى ئون ئىككى مۇقامنى ئۆگىنىپ، ھەر بىرلىرىڭلارنىڭ~~
ياققان چىرىغىنى ئۆچۈرمەيمەن.

تۇتى: ھازىر مۇھەممەت ئاخۇن ئالتە مۇقامنى تولۇق ئۆگىنىپ بولدى.

تۇردى ئاخۇن: ياخشى، ئەجەب ياخشى. بىز پېشقەدەملەرنىڭ ياشلاردىن ئۈمىدىمىز چوڭ. ياخشى ئۆگىنىڭلار، ياخشى ئىجادكارلاردىن بولۇڭلار!

روزاخۇن: ئۆزلىرى بىزگە تەۋەرۈك قىلىپ قويغان ئون ئىككى مۇقام 255 نەغمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن - ھە؟

تۇردى ئاخۇن: شۇنداق، بۇنى پېقىردىن قاسىماخۇن بۇرادىرىمىز ياخشىراق بىلىدۇ.

قاسىماخۇن: يوقسۇ، ئۆزلىرى بىر چىنار، كەمىنىلىرى بىر يوپۇرماق. ھەزرەتلىرى بىر بۇلاق، كەمىنىلىرى بىر تامچە.

تۇردى ئاخۇن: ئۇنداق بولامدىغان، جانابلىرى بىر دەريا دېسىلە - بىر دەريا.

تۇتى: (مېھمانغا قاراپ) تۇردى ئاخۇن ئاكا! تاماقمۇ تەييار. بىر پىيالە چاي ئىچكەچ بىر پەدە ساز - نەغمە قىلىپ بەرسىلە قانداق؟

تۇردى ئاخۇن: (ئورنىدىن تۇرۇپ تازىم قىلىپ) خوش خېنىم، ئاۋۋال قاسىماخۇندىن كەلـ

سۇن. بىز بولساق ھەر بىرلىرىگە ئاددىي مېھمان.

قاسىماخۇن: (تۇردى ئاخۇنغا قاراپ) يوقسۇ، بۇلبۇل سايرىغان شاختا تۇمۇچۇق سايرىيالمايدۇ. (سەھنىگە قاراپ) ئىشىكىمىز ئالدىغا ئالىملىرىمىز كېلىدۇ، يازغۇچى شائىرلىرىمىز كېلىدۇ، ئۇسسۇلچى، ناخشىچى، ئۇستا رەسساملىرىمىز كېلىدۇ. مانا مۇشۇ تۇردى ئاخۇن ئاكامدەك پىشقان، ئاتاقلىق سازەندە - سەنئەتكارلىرىمىز كېلىدۇ. بىزنىڭ ئايرىم نادان يولداشلىرىمىز ئۇلارنى سۆزگە تەكلىپ قىلمايدۇ، شېئىر ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلمايدۇ. ئۇلارنى قەدىرلەشنى بىلمەيدۇ. بۇ بىر بىلمەسلىك، مانا بۈگۈنكى سورۇندا تۇردى ئاخۇن ئاكام مۇنبەرگە چىقسا يارىشىدۇ. (تۇردى ئاخۇنغا قاراپ) خوش ئەمىسە، پەيزلىرىگە بەرىكە تىلەيمىز.

ھەممە: بەرىكە تىلەيمىز.

تۇردى ئاخۇن: ئوبدان ئەمىسە، (تۇردى ئاخۇن ساتارنى ئالىدۇ. قالغانلار چاڭ، داپنى ئالىدۇ - دە، تۆۋەندىكى شېئىرنى مۇقام ئاھاڭىدا ئېيتىدۇ)

ھاياتىم ئۆتتى سەرسانلىق، سەرگەردانلىقتا، غۇربەتتە،
چېلىپ كەلدىم ساتارىمنى رىيازەتتە، مۇھەببەتتە،
مۇقامىم ياڭرىدى قەشقەر، خوتەن، يەكەن دىيارىدا،
تىرىكچە كۆرمىدىم راھەت، ئاقاردى چاچمۇ كۈلپەتتە.
ياشانغاندا ئېرىشتىم مەن سائادەتنىڭ باھارىغا،
گۈلىستان بۇلبۇلى كۈلدى سەھەردە - ياخشى پۇرسەتتە.
خۇشالمەن خەلق بىلەن بىللە بولۇپ كەلگەچكە تەقدىرداش،
بېسىڭلار ئىز باسار ياشلار سىلەر ئالغا داۋامەتتە!

(مۇقام ئاياغلىشىش بىلەن تەڭ ئۇسسۇل مۇزىكىسى چېلىنىپ، ئۇسسۇل - ناخشا قايىنايدۇ، «رەھمەت - رەھمەت!» دېگەن ئاۋازلار ياڭرايدۇ)

پەردە يېپىلىدۇ.

## ئاپتورنى تونۇشتۇرۇش



شائىر قۇربان ئىمىن 1914 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. 1942- يىلى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭ ئەدەبىي

ى، گومىنداڭ دەۋرىدە ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار زات دەپ قارىلىپ كۆپ قېتىم تۈرمىگە قامالغان. 1946 - يىلى خەلقچىل سايلامدا ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ۋالى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن لىچۈن شەھەر-مىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1951 - يىلى چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشتە نۇرغۇن مال - مۈلكىنى ھە-يە قىلغان. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى 1920 - يىللاردىن باشلانغان بولۇپ، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى كۆپ شې-ئىرلىرى ئېلان قىلىنمىغان. ئۇنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرى يازغان خەلقنى غەپلەت ئۇيقۇدىن ئوي-غىتىپ، تەرەققىياتقا، مىللىي باراۋەرلىككە، ئازادلىق ۋە ھۆرلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن كۆرەشكە يېتەكلەيدىغان ئەنگىۋار شېئىرلىرى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ كەلمەكتە. تەھرىر بۆلۈمىمىز ئابلىز مەخسۇمنىڭ ئەسەر-لىرىنى توپلاش ئۈچۈن يولداشلارنىڭ قولىدىكى ئەسەرلەرنى ئەۋەتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

---

(1)

ئەلەم - ھەسرەت چېكىپ دائىم، جىگەر خۇن پارىدۇر كۆڭلۈم،
بولۇپ زەردابى قان لەختە ساقايماس يارىدۇر كۆڭلۈم.
جۇنۇن ۋادىسىدا مەجنۇن كەبى، ئاھۇ - پىغان بىرلە،
ساداغا تەلپۈنەر، لېكىن ئۈزۈلگەن تارىدۇر كۆڭلۈم.
قاناتسىز قۇش نېچۈن جەۋلان قىلۇر، پەرۋازىدىن مەھرۇم،
قەپەزلىك جانىۋارلاردەك ئەجەپ بىچارىدۇر كۆڭلۈم،
توسالغۇ دەشت - داۋانلاردىن خىيالىم ھالقىماق مەھرۇم،
لېكىن جۇشقۇن تەپەككۇردە ئۈمىدىنىڭ كانىدۇر كۆڭلۈم.
مېنىڭ مەقسەت - مۇرادىم شۇل، مەدەتكار تاپماق ئىقبالىغا،

www.uyghurkitap.com

بىشىمغا ھەر بالا كەلسە، بوييۇن ئەگمەي ئىرادەمدىن،
يۈرەك مەغرۇر، قېنىم مەشھۇد تۆكۈلسە غايىمدۇر كۆڭلۈم.
چېكىپ مېھنەت ئازاب - كۈلپەت، يېتىشسە يۇرت ئۈچۈن ھەردەم،
ماڭا جەننەت كەبى گويا بولۇر، ئەبراردۇر كۆڭلۈم.
قارارگاھىم مۇشەققەتلىك، بىلاۋۇرمەن ۋە لېكىن پارلاق،
تېنىم تاپماس مېنىڭ روھىم شۇ يول چۈن زارىدۇر كۆڭلۈم.
زىمىستانلار بىلىنمەيدۇ، ئۆتەر ئۇ ھەرقاچان يازدەك،
باھارنىڭ ئىشقىدا زوقمەن ئاڭا خۇشتاربىدۇر كۆڭلۈم.
غورۇرۇم تەگدىشى يوقتۇر، گۇۋاھ تارىخي جەريانىم،
ھاياتىم ئۆتتى مەھبۇستا دىمەس دىشۋارىدۇر كۆڭلۈم.
سىلىپ ياۋ ئۈستىگە ئاتلار ۋەتەنچۈن جاننى بەخش ئەتمەك،
شېھىدلىك دەرجىسىن تاپماق ئۈچۈن خۇشتارىدۇر كۆڭلۈم.
شۈكۈركىم قالمىدىڭ يالغۇز، يولۇڭدا دوستلىرىڭ كۆپتۇر،
ماڭا ۋەئدە بېرىپ بارچە دېگەچ مىڭ رازىدۇر كۆڭلۈم.
بېرىپ كۆرسەڭ يۈرەك - باغرىم، ئەلەم - ھەسرەتكە لىق تولغان،
ئۈمىد روھىم ۋە ۋىجدانىم ماڭا ھەم رازىدۇر كۆڭلۈم.

1949 - يىل 8 - ئاي. ئۈرۈمچى «ئەزىزى»

www.uyghurkitap.com



كۆلمىسە جۇشقۇن خىيالىم، ئاسمىنىڭدا ئاپتىپىڭ،
دەرد ئىچرە غەيرى ئالەم گۆر نېمە؟ بوستان نېمە؟

تەلمۈرۈپ شۇنچە يولۇڭغا ئاقتى كۆزنىڭ نۇرلىرى،
بولمىسا ۋەسلىڭ نەسىۋى ماڭا بۇ دەۋران نېمە؟

ئۆتتى باشتىن شۇنچە يىللار قالدۇرۇپ ماڭلايدا ئىز،
بولسا سەندىن بىر خەۋەر ئۆزەم ئۈچۈن پۇشمان نېمە؟

ئوت دېدى پەرۋانىمۇ يەتتى مۇرادقا بولدى كۆل،
كەلسە بەختىم مەيلى ئەمەسمۇ بولسا جان قۇربان نېمە؟

گۈلنى ھەر تاڭدا كۆرۈپ بۇلبۇل يەنە قىلماي شۈكۈر،
شۇنچە نالە ئەيلىسە ئۇ نېمىدېگەن نادان نېمە؟

كاشكى مەن ئۆمرۈمدە كۆرسەم سىزنى ئەي، ئاي يۈزلۈكۈم،
جان بېرىپ ئۆلسەم شۇدەم دۇنيا ئارا ئارمان نېمە؟

ئاھ ئۇرۇپ مىسكىن ئادا بولدۇم قەلەندەردەك بۈگۈن،
يوقمىدۇ، شۇنچە جاھاندا دەرتكە دەرمان نېمە؟

(4)

كاج پەلەكنىڭ گەردىشى جايىمنى زىندان ئەيلىدى،
دەۋرنىڭ ۋەزىيىتى ئەقلىمنى ھەيران ئەيلىدى.

ئۆزگىرىپ دۇنيا ھەمىشە توختىماي بىر نۇقتىدا،
داغ ـ ھەسرەتلەر بىلەن كىملەرنى پىنھان ئەيلىدى.

كىمنى بىر خۇش قىلسا گەر ئارقىسىدىن يۈزمىڭ جاپا،
سائىتىگە مىڭنى نالان، بىرنى خەندان ئەيلىدى.

(5)

كېلىپ دۇنياغا مىڭ تۈرلى جاپالارغا دۇچار ئولدۇق،
ئەجەپ بىر دەۋردە ئالەم سەھنىسىدە ئاشكار ئولدۇق.

تۇغۇلغان بىز ئاۋال پاكى كېيىن بۇ شۇم زامانلاردىن —
بۇ دۇنياغا كېلىشتە بەندە بىز بىئىختىيار ئولدۇق.

تۇغۇلغاندىن بېرى بۇ دەھرىيادىن بىز ۋاپا كۆرمەي،
كۆرۈپ جەبرى ـ جاپا مېھنەت بىلەن بىئېتىبار ئولدۇق.

ئەسرۇ ناتەۋان ۋەيران ۋە سەرگەردان بولۇپ كەتتۇق،
خالاس ئەت زۇلمى كۈلپەتتىن خۇدايا بىقارار ئولدۇق.

ئەجەلنىڭ شەربىتىن ئىچمەي كۆرۈپتۇرمىز قىيامەتنى،
تامامى خانۇ مان ـ جاندىن خۇدايا تارىمار ئولدۇق.

«قارا دىل» لارنى ئىلغاپ تۈتتى شىڭ دۇبەنمۇ خىزمەتتە،
كىشىكىم دىلىمگە ماھىر ئۇنىڭغا ئېتىبار ئولدۇق.

«ئەزىزى» دەرگاھىڭغا تەلمۈرۈپ يىغلاپ خۇداۋەندا،
تەرەھھۇم ئەيلە يارەب رەھمىتىڭگە ئىنتىزار ئولدۇق.

بىناگاھ ئىنقىلاب بولدى، ۋەتەن، مىللەت خاراب بولدى،
ۋەتەن شۇڭقارلىرى ئەردۇق كۆيەكلەرگە شىكار ئولدۇق.

1938 ـ يىل ئۈرۈمچى، شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە يېزىلغان.

(6)

ئاسارەت بوغدى ئىنسانىي ھوقۇقۇم، ئىختىيارىمنى،
ھاقارەت جۆر كېلىپ بىرگە ئۇردى ئېتىبارىمنى.

نە پاكلىق، بەختسىزمەن، ئىززەتۇ نەپسىمدىن ئايرىلدىم،
يوقاتتىم قۇت، قىممەت، شان - شەۋكەت ئىپتىخارىمنى.

مۇقەددەس ۋەتىنىم جانىم ئانام گۈل غۇنچىسى ئەردىم،
قارا زۇلمەت، تۇمانلار توستى ئەركىن ئېچىلارىمنى.

شۇنىڭدەك مىللىتىمنىڭ ئەركىن، ئازاد بۇلبۇلى تۇرسام،
مېنى تورغا چۈشۈرۈپ توستى ئەركىن ئۇچارىمنى.

زىمىستان جۇتلاردا بولغاچ مەن قەپەز ئىچرە،
كۈتتۈم تەلمۈرۈپ سايراش ئۈچۈن پەسلى باھارىمنى.

ئەبەدىي ئۈمىدۋارمەن ھامان مەقسەت - نىشانەمدە،
نە غەم تەگرىم كۆرۈپ تۇرسا مېنىڭ بۇ ئاھ ئۇرارىمنى.

ماگا بۇ بەختسىزلىك ۋاقتلىقتۇر، دائىما بولماس،
دىيان باسماقچى بولدۇممەن كۆيۈپ تاشقان يانارىمنى.

يېتىپ زىندان ئارا تۈرلۈك ھەسرەت، دەرت - ئەلەم ئىچرە،
تېنەپ قالدىم بىلەلمەي ئايلىنىپ قانداق قىلارىمنى.

قىيىن ئەھۋالدا، مەنزۇل ھالدا قالدىم، رەھىم قىل تەگرىم،
سۆيۈندۇم مەن ساگا رەببىم، ئىجابەت قىل سورارىمنى.

ئەسلىدىم دەرگاھىڭنى، رەھمىڭنى تىلەپ يا رەب،
ئۆزەڭگە ئەرز - ھال ئەيلەپ تۆكەرمەن ئاھۇ - زارىمنى.

ئۆزەڭ رەھىم قىلمىساڭ يا رەب مەنۇ مۇزتەرىبنىڭ ھالىگە،
كىمىم بار سەندىن ئۆزگە قاندۇرارلىق ئىنتىزارىمنى.

سېنىڭدىن ئۆزگە بىر ھېچكىم رەھىم ئەتمەس، ھالىم پۈتمەس،
چۈشەنمەس ھېچكىم سەندىن بۆلەك بۇ ئىزتىرارىمنى.

.................................. (بۇ مىسرا يوق)

ئۆزەڭ ئاسراپ نېسىپ ئەتكىل مېنىڭ ئەركىن ياشارىمنى.
ئېزىلدىم، خارۇ - زار بولدۇم چىدارغا قالمىدى تاقەت،
يوقاتتى قايغۇ - ھەسرەتلەر مېنىڭ سەبرۇ - قارارىمنى.
قىيىپ باشىم، ئېقىپ ياشىم، كۆيۈپ جانىم، چۈشۈپ روھىم،

ا بىنى بورداتتىم گۈزەللىرىگە مەن،
ڭىنىڭ قۇربانى بولدى تىنىسىم تۈن.
ەتتۇر كۆي دېدىم سۆزلىرىگە مەن،
چىدى — ھېچكىمدىن ئاڭلانمىدى ئۈن)
قويدۇم يېڭىدىن ئەزەن چاقىرىپ،
ھىدى چاڭقىدى كەتتى دەر بەدەر.
ە گۈل تۈۋلىدى: (كەتتى ئاقىرىپ)

تەڭدىشىن كۆرمەن پەقەت ھەر سەھەر،
بوغدانىڭ سۆبھىسى چاچقاندا كۈمۈش!

خىيالىدىم مەن سېنى چىمەن ئىچىدىن،
ھەممە گۈل تەلمۈرۈپ كۆتۈرۈشتى قول...
قورقىمىدىم بارغۇ دەپ سېنى كېچىدىن،
سەن پەقەت مېنىڭلا نىلۇپەرىم بول...

## ئەكس سادا سورايدۇ شائىر

ساداسورايدۇ شائىر،
ىى يوق خائىن تاغلاردىن.
ساداسورايدۇ شائىر،
دەريا گۈزەل باغلاردىن.

ساداسورايدۇ شائىر،
ەر ساما، زەڭگەر زېمىندىن.
ساداسورايدۇ شائىر،
للىكتىن ھەمدە چىنلىقتىن.

ئەكس سادا سورايدۇ شائىر،
مەۋجۇداتتىن جىمى ئىقلىمدىن.
ئەكس سادا سورايدۇ شائىر،
ئايانلىقتىن سىرلىق تىلسىمدىن.

سوراقلارغا جاۋاب يوق ھازىر
يۈسۈن شۈنداق، شۈنداقتۇر ھايات.
ئەكس سادا سورايدۇ شائىر،
جىنىڭ بەكمۇ شۈنچە سۈكۈنات؟

## ئامەت

ياغدى ئاسماندىن، دۈردۈن ياغدى،
ئىلتىپاتسىز قالمىدى يېقىن - يىرۇق،

چىگرىسىز كۆڭلۈمدە چىگرىسىز دالا،
خىسلەتلىك زەررىلەر يانار يورۇق شام.
ئويلايمەن ئويۇمدا سالا ۋە شالا،
بىنالار ئالدىغا چۈشكەن قورۇق تام.

قورۇق تام كۆپ بىزدە ئىگىز ۋە ئىگىز،
تۇرغاندۇر «دۇنيا» نى بەلكى قورۇقلاپ.
ھەر باقسام سانجىلدى يۈرەككە بىگىز،
ئايرىلدىم ئەيشىمدىن كەتتىم ئورۇقلاپ.
چۈنكى ئۇ كۆزۈمگە كۆرۈنمەس كۆركەم،
بىر پېشكەل شۇملۇقتىن بىرىپ بىشارەت.
چەكسىزلىك ئوغلىمەن ئەبەدىي كۈلكەم،
ئۇ، كۈلكە!

خىسلەتتىن ئىما ــ ئىشارەت!

سىڭدى ئۇ ئاڭلارغا چاقناق يىكىرگە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئاپتورنى تونۇشتۇرۇش



شائىر ئوسمانجان ساۋۇت 1945 - يىلى ماناستا تۇغۇلغان. 1966 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتى فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلىمەكتە.

ئوسمانجان ستودېنت چاغلىرىدىن باشلاپلا بىر قىسىم مەشق شېئىرلارنى يېزىپ ئېلان قىلىشقا كىرىشكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئىجادىيىتىنى 1978 - يىلدىن باشلانغان دەپ ھېسابلايدۇ. شائىر، ھازىرغا قەدەر نۇرغۇنلىغان ياخشى ۋە بىرقەدەر ياخشى پوئېزىيە ئەسەرلىرىنى يېزىپ ، ھەم تەرجىمە قىلىپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە ئۇنىڭ 1978 - يىلى «ياڭرا ئەجەم» قاتارلىق تۆت پارچە شېئىرى 1 - دەرىجىلىك، 1981 - يىلى «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق» ناملىق شېئىرى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ھەم شۇ يىلى كېيىنكى شېئىرى مەملىكەت بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، «توزان قەسىدىسى» ناملىق شېئىرى «تارىم» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇسابىقىسىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «قورشاق بۇزۇش ناخشىسى» ناملىق شېئىرى تەرجىمىسى «كۆۋرۈك» ژۇرنىلى ئۆتكۈزگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 1984 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى — «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» نى نەشر قىلغان. يېقىندا، ئۇ ئۆزىنىڭ 2 - شېئىرلار توپلىمىنى نەشرىياتقا تاپشۇردى.

(بېشى 126 - بەتتە)

مەن. مېنىڭ ھېكايىلىرىمدە ياپونىيىدىكى ئىشلار ياپونىيىدىكى ئادەت بويىچە يېزىلغان. مەن جۇڭگو كىتابخانلىرىدىن بۇ كىتابنى سەۋر قىلىپ ئوقۇپ بولۇشىنىلا ئۈمىد قىلىمەن، ئۇنىڭدىكى ماقالىلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى قىسقا بولغاندىكىن، ئىككى - ئۈچ مىنۇتتىلا ئوقۇپ بولغىلى بولىدۇ. جۇڭگولۇق دوستلار ئوقۇپ بولۇپ خىيالى قىزىقارلىق يېزىلىپتۇ دېگەن تونۇشقا كەلسىلا ئۆزەمنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلىمەن!

— سىز بەك تۆزۈت قىلىپ كەتتىڭىز. مەن ئەسەرلىرىڭىزنىڭ جۇڭگو كىتابخانلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

مەن شىڭ شىنيى ۋە ئۇنىڭ ئايالى بىلەن خوشلىشىپ مېھمانخانىدىن چىقتىم، ئۇدۇلۇمدا ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن ھالرەڭ كاككۇك گۈللىرى كۆرۈندى. قۇلۇقىمنىڭ تۈۋىدە شىڭ شىنيىنىڭ قىزغىن ئاۋازى يەنە بىر قېتىم ياڭرىدى: «(شىڭ شىنيى مىكرو ھېكايىلىرىدىن تاللانمىلار) نىڭ تەھرىرى، تەرجىمان ۋە كىتابخانلىرىغا مېنىڭ دۇئاي سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ!»

1982 - يىلى 6 - ئاي. توكيو

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

# كۆككە يىقىلغان شېئىرلار

## ئىلغارجان سادىق

### قەبرىلىرىم

كېلىمەن
چۈشلەرنى سۆرەپ
قەدەملىرىمدىن
ئۈنۈپ چىقىدۇ قەبرىلىرىم

### چۈشلەر

1
يىقىلىشىدا چۈشۈم
ھالقىپ كەتتى ئۈپۈقتىن

2
كەتتى يۈرۈپ
شەپەقنى يۇدۇپ

3
ئۆلگەن ئۈپۈقتا،
قۇملارغا كۆمۈلگەن ئىرىك باش-
لارنى
چېتىپ بىر يىپقا،
يۈزلەندۈردى قۇياشقا

4
يىقىلىشىدا چۈشۈم،
ھالقىپ كەتتى ئۈپۈقتىن.

### تىرىلىشىم

ئۆلگەن قارچۇقتىن،
ئاپتىم نەپەسىمنى.
يىقىلدىم
قۇياشنى يۇدۇپ تۇپراققا.

### كۆككە يىقىلىش

دېرىزەمنى ئاچتىم مەن ئۇلۇق،
ئۈپۈق ماڭا ئاتتى چۈشۈمنى.
كۆككە يىقىلدىم،

### پەرىشتە

— شائىر ئەخمەتجان ئوسمانغا

كۆزلىرىڭدىن تۆرەلدى چۈشلەر
ئېيتتى ناخشا
ئىزدىتۇردى يوللارنى.
ئاي ھەسرەتتە
قېقىپ پەشلىرىنى
كەتتى يۈرۈپ.
ناخشىلىرىڭدىن تۆرەلدى كۈلكە
شېئىرلىرىڭ يىقىلدى كۆككە.

### ئۇزۇگۇمغا

1
ئالدىمدا
يۈگرەيدۇ سېنىڭ ئىزىقلىرىڭ
ئىزلىرىڭدا
قېتىپ قالغان ياش

2
سۆيمەك بولدۇ
پەسلەپ سېنى
باھار شامallıرى
سەن
كەتتىڭ سىڭىپ
يەرگە

3
ساراڭ شامال
ئۇچار
ئىزلەپ سېنى
جەننەتتىن

### ئىزدىتقۇ سىماھ

1
ئولتۇردىمەن
بۇلۇتلارغا قويۇپ بېشىمنى
ئۆيۈمدىن
چىقىپ كېتىدۇ ئاي
ئىزلەپ سۆيگۈنىنى

2
يۇلتۇزلار
سۆيگۈمىدۇ يانغان
قارايدۇ چۈشۈم كۆزنەكلىرىدىن
تەبەسسۇمىدە
باشلىرىمنى سىلايدۇ تويماي

3
بۇ قەبرىدىن
ئىزلەيمەن سېنى
ئەگەشتۈرىدۇ
ئىزدىتقۇ سىماھ

1986 - يىل قۇمۇل - ئۇرۇمچى

# شېئىر، ئەي سەن ئىزدىتقۇ

## ئەخمەتجان ئوسمان

### ئۈمىدلىرىم

ئۈمىدلىرىم

### بەڭگى

— يازغۇچى مۇھەممەد باغراشقا

دوقۇيدۇ ۋاراقلاپ دېڭىزنى،
چېركاۋىمۇ ئۇنىڭ كائىنات؟

5

قاچانىدىن بېرى
ۋەتەن قىلىپ كەلگەنىدى تاڭ
خورازلارنىڭ بوغىزىنى؟

6

زېرىكتىم...
يوقمۇ دېڭىزنىڭ
دولقۇنلاردىن باشقا سۆزلىرى؟

كۈتەمدۇ مەندىن:
ئېلىپ كەلسەم تۆت پەسىلنى
بىرلەشتۈرۈپ؟

10

قاچانغىچە
سەرسان يۈرەر گۈل ۋە باشاق،
ئۇ بۇ ياقتا، بۇ ئۇ ياقتا؟

1986 - يىل. دەمەشىق -
بېيجىڭ - ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

## تېڭىرقىغان شېئىرلار

چېكىپ تۈنىنىڭ دېرىزىسىنى،
ئىشىكىدە كېچىنىڭ،
قانغا بويىلىپ ياتىدۇ بىر يول،
ئاختۇرۇپ
تۈنۈگۈنكى شەبنەم چۈشىنى،
ئىشىكىدە كېچىنىڭ،
كۆرۈپ قالدى ئۇ
يىراق كۆكتە قالغان
يۇلتۇزنى—
ئىزلىرىنى كۈندۈزنىڭ،
ئىشىكىدە كېچىنىڭ
تېپىۋالدى يول

رۇجىكىنى ئاچتى ئۇ قىزغا؛
بوسۇق تاتىلاپ
ئۇخلاپ قالدى يول
ئىشىكىدە كېچىنىڭ...

### سايەم

كېتىپ بارار ئالدىمدا سايەم؛
نۇرسىز،
ساداسىز،
غۇۋا لەپىلدەپ...
مەن بارىمەن

### چىغىر يولدا

خىرە ئايدىڭ.
ئەگرى - توقاي چىغىر يوللاردا
كېتىۋاتسام
يېگى بىر ناخشىنى ئېيتقانىچە
غىڭشىپ
ئائىلاندى ئالدىمدىن - كەينىمدىن
شىپىرلىغان ئاياغ تىۋشى—
ھەممىسى گويا
يېگى - يېگى ناخشىدەك!
يۈگۈرۈپ كەتتىم
ۋە جارقىراپ كۈيلىدىم مۇنداق:
«چىڭ - چىڭ دەسسە سەپەرداش،
چىڭدالسۇن زېمىن
ۋە تەكتىدىن پارتلاپ چىقسۇن
بىر قۇياش»

### شېھىت بولغان چۈش

دۇنيا بىلەن چۈشۈمنىڭ،
چېگرىسىدا ياتىدۇ ئۇپۇق؛
ھەر سەھەر ئۇندا
چۈشۈمنى كۈيدۈرەر شەپەق يالـ
قۇنى
دۇنياغا يۈزلىنەر يورۇقلۇق...

### ھايات

يەر ئايلىنار كىرپىكلىرىمدە،
سىزار ئاتا قارچۇقۇم سۈرەت.

### ئۆمۈچۈكنى دوراپ...

پىشايۋاندا يىپ ئىگىرەر ئۆمۈچۈك،
سوردسام
ئۇلار ئىمىش يەر شارىنى قۇياشـ
قا.

پاھ، دېھ
باشلىدىم
ھەم دو
قىلاي د
يىپ ئىگ
چاقناپ
زەر قۇ
ئاتا دە
پېتىپ
مىنگىشى
قۇياش

## «سۈپۈرگىنىڭ ئۇچىدا قۇياش»①

غالىب راخمان

سەھەر
بويلاپ ماڭدىم
ئۇنىل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## كۆمۈلگەن يۇلتۇز

پەرھاد ئىلياس

### قارچۇق

1
كۆز ئىچىدە
ئولتۇرىدۇ ئاق چاچلىق موماي...

2
چاشقان تۆشۈكى —
قەسىر رۇجىكى.

3
ئۈمىد بىلەن قاراپ تۇرىدۇ،
يىراق كۆكتە
كۈلۈپ تۇرغان قۇياشقا...

4
باھار تامچىسى
تېمىپ كەتتى ئۇنىڭ كۆزىگە.
كۆز قارچۇقى...

ئۈنۈپ چىقتى قەبرە ئۈستىگە...

### چۇقان

1
قۇرۇپ قالغان شىۋاق ئارىسى
ئېچىلغان قەبرە...
غەزەپ بىلەن ھۆمىيىدۇ
قاغجىراپ ياتقان باش سۆڭەكى

2
ھوي!
نائىنساپ ئادەم
بىر نۆۋەتكىن كېپىنىمنى سەن!

خەير، قەبرىلەر
يەر بېغىرلاپ ياتتىم ئاھ چېكىپ،
ئەللىك يىل
تاكى ئەسىر ـ ئەسىرلەپ.
يامغۇر قىلىپ تۆكتۈم يېشىمنى
ئاقارغان تۇپراقلارغا،
ياشلىقىمنىڭ ھۆسنىنى بەردىم
كۆپ-كۆك شىۋاقلارغا...
خەير
خەير ئەمدى ئەزىز قەبرىلەر،
ئەلۋىدا... ئەلۋىدا...
مەن كېتىمەن يىراققا،

ئازابلىق چۈشلىرىمنى
ئايلاندۇرۇپ قاناتقا...
كېچىلىرى تولۇن ئاي بولۇپ،
كۈندۈزى قۇياش
ئېگىز كۆكتىن قارايمەن ساڭا...

## يۇمۇرلار

### شاللاقلىق

ئۇلار سۇغا چۆكۈپ كەتكەن يېرىم ئۆلەر ھالەتتىكى بىر شاللاقنى دەريادىن تارتىپ قىرغاققا چىقىرىپتۇ. ئۇ سۇنى قۇسۇپ بولۇپ، «ھەقىقەتەن ئاچچىقىم كەلدى. مەن ھازىرلا تېخى سۇ ئۈزەلەيدىغانلىقىمنى ئويلىغان ئىدىم» دەپتۇ.

### بىكاردىن بىكار ئاۋارە بولۇش

دىۋر بولسا بىر كۇلۇبنىڭ بىلەت يىغقۇچىسى ئىكەن. ئۇنىڭدىن ھەر كۈنى مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئالدىدىن ئۆتۈپ سائەت سورايدىكەن.

نەچچە ئايلار ئۆتۈپ، ئۇ بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق ئەخمەقلەرنىڭ جاۋابىغا جاۋاب قايتۇرمايمەن. پەقەت دۇكانغا بېرىپ چوڭ بىر تام سائىتى ئېلىپ ئېسىپ قويسام بولدى» دەپتۇ. راستىنلا ئۇ شۇنداق قىپتۇ.

ئۇنىڭ قارىشىچە بۇ ئارقىلىق ئىشلارنى ئازايتقىلى بولىدىكەن. لېكىن ئۇ شۇنى ئويلاپ يەتمەپتۇكى، ھەر كۈنى يەنىلا بىرمۇنچە ئادەملەر ئۇنىڭ ئالدىدا توختاپ يەنە ئۇنىڭدىن: «بۇ سائەت توغرىمۇ؟» دەپ سورايدىكەن.

ئەسقەر ئېزىز تەرجىمىسى

# قىسقا ھېكايىلەر

## بىر قاچا سۈيۈقئاش

تۇرسۇن تىلمۇۋالدى

يەكشەنبە كۈنى ئىدى.

ئەتىگەندىلا كوچىغا چىقىپ كەتكەن ياتاقداشلاردىن بىرەرسى قايتىپ كېلىدىغاندەك ئەمەس. تۈنۈگۈن كەچ يېرىم نان بىلەنلا چاي ئىچىپ يېتىپ قالغان ئىلياسنىڭ قورسىقى ئەتىگەندىن بېرى بىر چىشلەممۇ نەرسە يېمىگەچكە، مانا ئەمدى سازلىنىپ كەتكەن ناغرىدەك چېلىنىپ چىدىغۇسىز دەرىجىگە بېرىپ يەتتى.

يا تاقداشلاردىن بىرەرسى كېلىپ قالسا، ئامال بولۇپ قالار، دەپ تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ئىلياس، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئويغا پاتقىنىچە ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى.

بۇ يېقىنلاردا ئۇنىڭ چەت تاغلىق كەنتتىكى ئاتا - ئانىسىدىن پۇل كەلمەيدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان. سەۋەبى، ئۇ تېخى تۈنۈگۈنلا ئۆيىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. خەتتە، ئۇلارنىڭ ئوغلىغا ئەۋەتكەن 20 يۈەن پۇلىنىڭ تەگكەن ياكى تەگمىگەنلىكى خەۋىرى سورۇشتۇرۇلگەن. ئىلياس بۇ خەتتىن جۇدۇنى

تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىنى، ئۇ گويا غۇۋا چۈشتەك خىرە - شىرە ئەسلىيەلىدى... بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئامالسىزلىقى - دە! ئۇ، ئاتا - ئانىسىغا بولغان قانداقتۇر بىر خىل نارازىلىق، رەنجىش ھېسسىياتلىرىنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىن سەل ئۆكۈنگەندەك بولدى - دە، يۈرىكى سىقىلىپ كۆزلىرىگە غىللىدە ياش كەلدى...

ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇ تەرەپلەرنى ئويلىغىنىدا، ئۆزىگە يەنە بىر نەچچە ھەسسە كۈچ - قۇۋۋەت كىرىپ قالغاندەك غەيرەتلىنىپ، ئوقۇشقا تېخىمۇ تىرىشاتتى. «قېيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەندەك ئۇ ئوقۇشقا كۆڭۈل قويسىلا ھوسۇل بېرىدىكەن. بىراق، تۇرمۇشچۇ؟ چوپ - چوڭ بىر يىگىت بولۇپ قالغىنىمغا قارىماي، يانچۇقىمنى ئاختۇرۇپ كەلسە، تۆت - بەش تىيىنىمنىڭ تايىنى يوق... مەكتەپتىن تارقىتىپ بەرگەن بىر ئايلىق تاماق بېلىتىمۇ ئايغا ئۇن بولماي تۈرۈپ تۈگەپ كەتكەن. مانا شۇ تاپتا ھېچ بولمىغاندا 60 پۇڭ پۇل بولغان بولسا، ئۇ قىزىققىنا بىر قاچا سۈيۈقئاش ئىچىۋالغان بولا-

مدى ياتاقداشلارنىڭ يوتقان - كۆرپىسىنىڭ
ستىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. بۇ قېتىممۇ
نىڭ تەلىيىگە يارىشا، قايسىدۇر بىر ساۋاق-
شىنىڭ ياستۇقى ئاستىدىن 15 پۇڭ چى-
پ قالدى. ئۇ، ئارتۇق ئۈچ پۇڭىنى جايىدا
لدۇرۇپ، قالغىنىنى پەم بىلەن مەيدە يان-
قىغا سالدى - دە، بوتۇلكىلارنى كۆتۈرۈپ،
ستۈنكى قەۋەتتىن تاقىلدىغىنىچە پەسكە
شۈپ كەتتى...

ئىلياس ھەش - پەش دېگۈچە بازاردىكى
شپۇزۇللار ئالدىغا يېتىپ كەلدى. يىراقتىنلا
ماقتا ئۇرۇلغان مىزدىلىك تائاملارنىڭ
تكۈر پۇرىقى بىلەن ئاشپەزلەرنىڭ خېرىدار
قىرىپ ئۈنلۈك توۋلاشلىرى كىشىنىڭ ئىش-
يىنى تېخىمۇ ئېچىۋېتەتتى. ھەي، پۇلۇڭ
ق بولسا - ھە؟! ئۇ، ئاغزىغا توشۇپ كەت-
ن سېرىق سۇلارنى يەرگە چىرىتىپ تۆكۈ-
ۈپ، چەتكە سىلىنغان بىر ئاشخانىغا كىرىپ
لدى. قېرىشقاندەك، بىر - بىردىن ئېسىل
ئاملارنى ئىشتىها بىلەن يېيىشىپ ئولتۇرغان

رىماي بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ ئىچەي دېسەڭ،
ئىچىپ كەتكىنىدىن دۈمبىگە چاپلىشىپ قالغان
قورساقنىڭ بۇلۇڭ - بۇلۇڭلىرىغا سىڭىپ كې-
تىپ، ھېچنېمە يېمىگەندەك يەنە بىر يەرلى-
رىنىڭ ئاچ پېتىم چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر
بولۇشىدىن ئەنسىرىگەن. ھەي، بىر قاچا سۇ-
يۇقئاش يەنە بىر قاچا بولۇپ كەتسىچۇ؟!

ئۇ مەيلى قانداقلا ئىچمىسۇن، بىر قاچا
سۇيۇقئاش تۈگەپ قالدى. گەرچە قورسىقى-
نىڭ كولدۇرلاشلىرى بىر ئاز بېسىققان بول-
سىمۇ، قانداقتۇر يەنە بىر يەرلىرى ئاچتەك،
تويغىنچە بىر نەرسە يېگۈسى كېلەتتى. ئامال
قانچە؟

ئۇ، ئاشنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتمەكچى بولۇپ
يانچۇقىغا قولىنى تىقتى. ئاھ، بۇ نېمە ئالا-
مەت؟! ئۇنىڭ يۈرىكى قارتىدە قىلىپ، مېڭى-
سىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. چۈنكى، تېخى
باياملا يانچۇقىغا سالغان پۇلىنىڭ سايىسىمۇ
كۆرۈنمەيتتى. شۇندىلا ئۇ، ئۆزىنىڭ چاپىنىنىڭ
يانچۇقلىرى پۈتۈنلەي تېشىلىپ كەتكەنلىكىنى
ئۇنۇتقان ھالدا پۇلنى ئاشۇ تۆشۈك يانچۇققا

www.uyghurkitap.com

دەك جىمجىت تۇرۇپ قالدى.

— نېمە بولدۇڭ يىگىت؟ — سورىدى تېخى ھېلىلا سىپايىلىق ۋە خوش خۇيلۇق بىلەن ئۇنى ئاشخانىغا باشلىغان ئاشپەز بىردىن قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ.

— مەن، مەن... پۇلۇمنى...

— نېمە، پۇلۇڭ يوقمىدى؟ پۇلى يوق ئادەم تاماق يەيمەن دەپ ئاشخانىدا نېمە ئىش قىلىدۇ. بىلىپ قوي ئۇكام، بىز بۇيەردە ئۇسسۇل ئوينىمايمىز، پۇل تاپىمىز، پۇل!...

ئۇ، شىردەك غەزەپ بىلەن ھۆكىرىمەكتە ئىدى. ئاشخانىدىكى خېرىدارلارنىڭ ھەممىسى

ئۇلارغا نېمە
دىن ياشلار م
تاپتا ئۇنىڭ
قەلبىگىمۇ قا
خۇددى بىر
گەن ئادەمنىڭ
ئۆز ـ ئۆزىگە
— ئاھ،
دېگەن سەنچە
جالاقلاپ ت
ناھايىتى زە
ئېنىق ئاڭلىيا

## ھېكمەتلىك سۆزلەر

ئەگەر كىشى بىر ئىلىم ـ پەننىڭ ھەقىقىتى — ماھىيىت
تۇرۇپ سۆزلىسە، ئۇنىڭ سۆزىدىن خاتا چۈشەنچە تۇغۇلۇپ خەل
كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلمىساڭمۇ يامانلىق قىلىشتىن سا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئايرىلىش

پەرھاد ياسىن

— توختىخان ھەدە ئاڭلىدىڭىزمۇ، سەمەت ئاكىنىڭ قىزى گۈزەل موللىكامنىڭ ئوغلى ساتتار بىلەن ئەمەس، باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىدىغان بوپتۇ.

— ئاڭلىشىمچە، موللىكامنىڭ ئوغلى ساتتار گېئولوگ ئەترىتىدە باشلىق بولغانمىش، پارتىيىگە كىرگەنمىش، شۇڭا گۈزەل بىلەن توي قىلىشتىن يالتىيىپ قالغانچىغى...

— ۋاي كۆڭلى قارا پەسەي! شۇنداق ئاقكۆڭۈل قىزغىمۇ يۈزسىزلىك قىلامدۇ - ھە؟

— بىچارە قىزئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ، بىر مۇئەللىم بالا بىلەن توي قىلماقچى بوپتۇدەك.

شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ. بۇ گەپلەر ساتتارنىڭ گۈزەلگە يازغان بىر پارچە خېتىدىن كېيىن پەيدا بولغانىدى.

بىر كۈنى گۈزەل سىنىپتىن چىقىپ، ئىشخانىسىدا جوزا ئۈستىدە تۇرغان بىر پارچە خەتنى كۆردى. ئۇ خۇشاللىقىدا (چۈنكى بىر نەچچە ئايدىن بېرى ئۇنىڭغا ساتتاردىن خەت كەلمىگەنىدى) خەتنى ئالدىراپ ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولماستىنلا چىرايى تاتىرىشقا، خەتنى تۇتقان قوللىرى تىترەشكە باشلىدى. كۆزىدىن تاراملاپ ئاققان ياش خەتنى ھۆل قىلىۋەتتى.

خەتتە: «خىزمىتىم ئالدىراش بولۇپ قالدى. چۈنكى مەن ھازىر ئەترەت باشلىقى بولۇپ خەت يازىدىغانغىمۇ ۋاقتىم چىقمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا بىر قىز بىلەن...» دېگەن سۆزلەر، ئاخىرىدا يەنە «شۇڭا مېنى كەچۈرگىن، ئۇنتۇپ قالغىن، كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەتكىن...» دەپ يېزىلغانىدى.

گۈزەل بۇ خەتكە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، چۈنكى ئۇلارنى بالىلىق دەۋرىدىلا ئاتا - ئانىسى چېتىپ قويغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىمۇ بىرگە ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ قىلىشمىغان مۇھەببەت سۆزى ياكى بىلىشمەيدىغان يېرىمۇ يوق ئىدى. ساتتار كېتىش ۋاقتىدا ئۇلار شۇنداق چىڭ ۋەدە قىلىشقانىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ قانداقمۇ ئىشەنگۈسى كەلسۇن؟

گۈزەلنىڭ خۇشخۇي پاراڭلىرى، تاتلىق كۈلكىسى ۋە قىزىق چاقچاقلىرى قىزلار ئارىسىدىن غايىپ بولدى. لېكىن بۇ دەرت - ئەلەملەر گۈزەلنى ئۇزۇن ئەسىر قىلالمىدى، ئەكسىچە ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇدى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى نۇر بىلەن توي قىلىشقا ۋەدىلەشتى. بۇ خەۋەر ناھايىتى تېزلا ساتتارغا يەتكەنىدى.

بىر ئايدىن كېيىن ساتتارنىڭ يازغان خېتى كەلدى. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

«گۈزەل مەن سېنى چىن كۆڭلۈمدىن ياخشى كۆرىمەن، ساڭا بەخت تىلەيمەن. توي قىلغانلىقىڭنى ئاڭلاپ (ئۇ شۇنداق ئاڭلىغانىدى) خۇشال بولدۇم... مەن مىتال ئىزلەش ئۈچۈن تاغ پارتىلىتىۋېتىپ، كۈتۈلمىگەندە بالاغا يولۇقۇپ بىر جۈپ كۆزۈمدىن ۋە بىر قولۇمدىن ئايرىلغانىدىم. ساڭا يۈك بولۇپ قېلىشنى، سېنىڭ بەختىڭنى قارا قىلىشنى خالىمىدىم. شۇڭا...»

گۈزەل خەتنى قانداق ئوقۇپ بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمىدى، ئۇنىڭ سۆيگۈ ۋە ھەسرەتكە تولغان ۋۇجۇدى مۇھەببەت ئىشقىدا قاناتلىنىپ ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى...

# ئالدامچى

ئىرسەي لانداۋا [ھىندىستان]

ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە مۇشۇ قەھۋاخانىدا ئولتۇرۇپ ناشتا قىلاتتى. ئۇنىڭ پاكار، غىنە بويى قىپقىزىل مەگزىلىرىدىن يېشىنىڭ تېخى ئانچە چوڭ ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. بۇ ئىش جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى چىلىدا بولغان. ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە توققۇز ئاي بولغانىدى. ئۇ بۇ قەھۋاخانىنىڭ تېپتىنچ، ئوچۇق - يورۇق كەيپىياتىنى، ئۇنىڭ ئىشىك ياغىچىنىڭ رەڭگىنى ۋە كۆن بىلەن قاپلانغان، كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان كرېسلوسىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەردە سېتىلىدىغان قەھۋە پۈتۈن شەھەر بويىچە ئەڭ ياخشىسى بولۇپ، يېڭى ۋە قويۇق، ئىسىل سۈپەتلىك قەھۋە ئىچىش ئۇنىڭ بىردىن - بىر خۇمارى ئىدى. ئۇ ناشتىلىق تائاملارنى يېگەچ ئولتۇرۇپ، پۈتۈن دىققەت - ئېتىبارىنى يىغىپ گېزىت كۆرەتتى. بۇ، ئۇنىڭ دۇنيادىكى سىيا-
رىماققا ئۇزاق ۋاقىت ئۆي ئىچىدە خىزمەت قىلغان كىشىدەك كۆرۈنەتتى. بۇرنىنىڭ ئۈستىنى ئىنچىكە قان تومۇرلار قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، كىشىلەرگە، ئۇ دائىم ئىسىل ھاراق ئىچىپ يۈرىدىكەن، دېگەن تۇيغۇنى بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى پوپلۇق تونى ۋە بوقۇچلىرى ئېتىلگەن قارا ئۆتۈكى، يۈرۈش - تۇرۇشى ئۇنى رەتلىك كۆرسىتەتتى. ئۇ شەھەر ئەتراپىدىكى بىر ئاۋات رايونغا كەلدى، بىر داچىنىڭ گۈللۈكىدىن ئۆتۈپ ئىچكىرى كىردى - دە، بىر ئۆينىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستى. بىرنەچچە سېكونتتىن كېيىن ئىش كىيىمى كىيگەن بىرچاكار ئىشىكنى ئاچتى.

— ھۆرمەتلىك پوپ ھەزرىتىم، كىمنى ئىزدەيتتىلە؟

— سىنى ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، بالام. مەن بۇ يەرگە ئادىشىپ كىرىپ قالمىغاندىمەن؟ مارىيە دورونىس خېنىم مۇشۇ ئۆي-

مەن. مەن بۇ يەردىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى
يىرۇق بويىچە ئىنتايىن سىرلىق بىر ئىشنى
ل قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم. بىۇنىڭ
چۈن مەن مارىيە دورونىس خېنىم بىلەن
ىددىي سۆزلىشىشىم كېرەك.

— كەچۈرگەيسىز، — دېدى ئايال خوجا-
ن، — قىزىم تېخى مۇشۇ نەچچە كۈننىڭ
لدىدىلا تويى قىلىپ، شېھىرىن ئايىنى ئۆتكۈ-
شكە شىمالىي ئامېرىكىغا كەتكەنىدى.

— ھە، مەن بۇنداق بولۇشىنى ئويلىماپ-
كەنمەن. پارىژغا قانداق جاۋاب بېرەرمەن؟
ەقەتەنمۇ جىددىي ئىش ئىدى.

ئۇنىڭ چىرايىدا نائىلاجلىق ۋە ئۈمىد-
سىزلىك ئىپادىسى ئەكس ئەتتى.

— بەلكىم مەن سىزگە ياردەملىشەرمەن،
ۇرمەتلىك پوپ ھەزرىتىم.

پوپ بۇ پىكىرگە پەسەنت قىلىپمۇ قويمىدى.

— بۇ ئىش شۇنداق سىرلىقكى، خېنىم،
ەن پەقەت قىزىڭىز بىلەنلا يۈز تۇرانە سۆز-
ىشەلەيمەن.

— بىراق، ھۆرمەتلىك پوپ ھەزرىتىم، قى-
زىم مەندىن ھېچنېمىنى يوشۇرمايدىغان.

پوپ گويا كى ئۆزى بىلەن ئۆزى ئېلىشى-

جايىنىڭ غوۋژىدە ئاچچىقى كەلدى. ئۇ كرېس-
لودىن سەكرەپ چۈشۈپ:

— مەن چوقۇم خاتا ئاڭلىدىم ياكى بول-
مىسا سىز خاتالىشىۋاتىسىز. مېنىڭ قىزىمنىڭ
قانداقلارچە ئوغلى بولسۇن، ئۇ تېخى نەچچە
كۈننىڭ ئالدىدىلا تويى قىلغان تۇرسا، — دېدى.

پوپ خەيرىخالىق بىلدۈرگەن ھالدا بېشىنى
چايقىدى:

— چۈشەندىم، ناھايىتى بەختسىزلىك،
قىزىڭىز سىزگە پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كەتمەيدى-
كەن — دە.

ئۇ سومكىسىنى ئېچىپ بىر پارچە ھۆججەت-
نى چىقىرىپ ئايال خوجايىنغا سۇندى:

— مەرھەممەت، ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ.

— ئايال ئۇنچىقمىغان ھالدا ئۇنىڭغا تە-
كىلىپ قارىغىنىچە قولىدىن ھېلىقى قەغەزنى
ئالدى. ئۇ بىر ۋاراق تۇغۇلۇش گۇۋاھنامىسى
بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېنىق قىلىپ، ئۇنىڭ قىزى
مارىيە دورونىسنىڭ نىكاھلانماي تۇرۇپ، پالا-
نى ئاينىڭ پۈستانى كۈنى بىر ساغلام ئوغۇل
بالىنى تۇغقانلىقى، بالىغا پىئېر دەپ ئات
قويغانلىقى، بالىنىڭ ئاتىسى پائۇل ماششان

www.uyghurkitap.com

ئۇ بىر قېتىم پارىژدا ئوقۇتۇش پراكتىـ
كىسى ئېلىپ بارغان چاغ بولۇپ، ئىجتىما-
ئىي ئالاقە خەۋەرلىرىدە تېخى ئۇ ھەقتە
ئوبزورلارمۇ ئېلان قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ قىزى
ئاشۇ قېتىمقى پراكتىكا جەريانىدا ھارامدىن
تۇغۇپ قويغان، يەنە كېلىپ تاكسى شوپۇر-
دىن — تۆۋەن نەسەبلىك بىر كىشىدىن!
ئاھ، شەرمەندىلىك، قورقۇنچلۇق شەرمەندى-
لىك! پۈتۈن ئائىلىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتى
مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىدى دېگەن سۆزگۇ بۇ!
كىشىلەر ئەمدى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆرسىتىپ
تۇرۇپ، قاراڭلار، مانا بۇ مارىيە دورونى-
نىڭ ئانىسى بولىدۇ! ئۇنىڭ قىزى پارىژدا
بىر تاكسى شوپۇرى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتە-
كۈزۈپ، ھارامدىن تۇغۇپ قويۇپتۇ، دېيىشمەم-
دۇ؟ ... ئۇ ئۆزىنى خۇددى قاتمۇ - قات
تۇمان ئارىسىدا قالغاندەك ھېس قىلىپ تۇر-
غاندا قولىقىغا پوپىنىڭ ئاۋازى كىردى:

— نېمىشقا؟

— بىزنىڭ تارقىتىش تەشكىلاتىمىز قىزىڭىزنىڭ كەلگۈسىدە ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمايدۇ. شۇڭلاشقا بالىنى سىلەرگە ئەۋەتىپ بېرىشنى قارار قىلغان. بىزنىڭ قارارىمىز ئۆزگەرمەيدۇ. خانىم، بۇنىڭدا پەقەتلا ...

ئايال خوجايىن سەل ئويلىنىپ قالدى.

— پەقەتلا دېگىنىڭىز نېمىسى، پوپ ھەزرەتلىرى؟

— بۇنىڭدا پەقەتلا 10 يىللىق پۇلنى ئالدىن تۆلىۋەتسىڭىز ئاندىن كۆڭلىڭىزدىكىدەك قىلغىلى بولار، — ئۇ يەنە گېپىنى قىرىپ قويدى، — خانىم، بۇنداق كەچكىچە پۇل سوۋىسى قىلىپ يۈرسەك سەت بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن. بىراق بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز زور-دە، كەمبەغەللەرنى يۆلەش بىلەنلا ئىش تۈگىمەيدۇ، يەنە تېخى باشپانا بولىدىغان ...

ئايال خوجايىننىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېرىشكە تاقىتى قالمىدى.

— پوپ ھەزرەتلىرى، مەن ئېيىغا 200 فرانكتىن ھېسابلاپ سىزگە 10 يىللىق پۇلنى بىراقلا بېرىۋېتەي. جەمئىي 24 مىڭ فرانك بولىدىكەن. سىز پەقەت بىزنىڭ ئاشۇ بالا توغرىلىق ھەڭگۇ گەپ-سۆز ئاڭلىمايدىغانلىقىمىزغا كېپىللىك قىلالىسىڭىزلا، مەن 30 مىڭ فرانك پۇلنىڭ چېكىنى قولىڭىزغا تۇتقۇزىمەن.

پادرىيې فرانسىسكو قولىنى كۆتۈرۈپ:

— مەن ئاللانىڭ بۇيرۇقىنى بىجا كەلتۈرگۈچى پوپمەن. گېپىم گەپ. بۇ بالا كەلگۈسىدە ئەڭ ياخشى تەربىيىگە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن كۆڭلەرنىڭ بىردە بىز يەنە داۋاملىق ھەمكارلىشىمىز دېگەن ئۈمىدتىمەن. ئۇ بالا سىزنىڭ ۋە قىزىڭىزنىڭ ھەر قانداق ئىشىدىن مۇتلەق خەۋەردار بولالمايدۇ. بەلكى مەن قەسەم قىلىمەنكى، سىز ئەمدى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ دېرىكىنى ئۇقالمايسىز، — دېدى.

— ناھايىتى ياخشى، پوپ ھەزرەتلىرى. جىندەك تەخىر قىلىپ تۇرسىڭىز، — ئۇ ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن بىر پارچە چەكنى قولىدا تۇتقىنىچە چىقىپ كەلدى. ئۇ چەكنى پوپقا بېرىپ:

— شۇ ئىش ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، پوپ ھەزرىتىم، مەن بىلەن قىزىمنىڭ بەخت-تەلىيى سىزنىڭ قولىڭىزدا، — دېدى.

پوپ چەككە ناھايىتى تېزلا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. چەككە ئۆزىنىڭ ئىسمى ئېنىق، توغرا يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن چەكنى قوينىغا تىقتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى ئايال خوجايىنغا سۇندى:

— غەم-ئەندىشىدە بولماڭ خانىم ئەمىسە خەيرى-خوش، مۇقەددەس ۋەزىپە مېنى قىچقىرىۋاتىدۇ.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن كىشىلەر يەنە ھېلىقى قىپقىزىل يۈزلۈك مۇتىۋەرنىڭ باشقا بىر شەھەردىكى بىر كىچىككىنە قەھۋەخانىدا ئولتۇرۇپ، ناشتىلىق تائاملارنى يېگەچ، پۈتۈن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ گېزىت كۆرۈۋاتقانلىقىنى چېلىقتۇرۇشتى، بىراق بۇ، ئۇنىڭ دۇنيانىڭ چوڭ ئىشلىرىنى بىلگۈسى كەلگەنلىكىدىن ئەمەس — ياقەي، ئۇنىڭ كۆرىدىغىنى ئىجتىمائىي ئالاقىغە دائىر خەۋەرلەر بولۇپ، بولارنى ئۇ زىرە-زەۋەرىگىچە قويماي، پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېرىلىپ كۆرەتتى.

رىزۋان ھەمزە تەرجىمىسى

# شىڭ شىنيىنى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى

**ما شىڭگو**

شىڭ شىنيىنىڭ ئىسمى ئېلىمىز كىتابخانلىرىغا ناتونۇش ئەمەس، ئۇنىڭ مىكرو ھېكايىلىرى قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقى، تىلىنىڭ ئىخچاملىقى، مەزمۇنىنىڭ يېڭىلىقى بىلەن ياپونىيە ئەدەبىيات سەھنىسىدە ئالاھىدە ئۆزگىچىلىككە ئىگە. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، غەربىي گېرمانىيە، رومىنىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، ۋېنگىرىيە، چېخوسلوۋاكىيە ۋە نيۇزىلاندلاردا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنغان. ھازىر باھار شامىلى ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى شىڭ شىنيىنىڭ مىكرو ھېكايىلىرىنى تاللاپ تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئېلىمىز كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرماقچى بولىۋاتىدۇ. بۇ بىزنىڭ ياپونىيىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى چۈشىنىشىمىزدە، ياپونىيە ئەدەبىيات سەھنىسىدىكى ئۇسلۇپ ۋە ماھارىتى ئوخشاشمايدىغان ئەسەرلەر بىلەن ئۇچرىشىشىمىزدا ئەھمىيەتلىك بىر ئىش. مەن مەزكۇر كىتاب ① نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ياپونىيىدە تۇرىۋاتقان ۋاقتىمدىن

دېگەن پىلاكاتتىن ئىلھام ئېلىپ، «يېقىملىق بولۇش بىرىنچى» دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئارزۇلۇق ئوغلىغا «چىنىي» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. كېيىنچە، يازغۇچى ئۆز ئىسمىنى «شىنيى» گە ئۆزگەرتىپتۇ. بىزنىڭ سۆزىمىزمۇ مۇشۇ «يېڭى چولپان» نىڭ ئەدەبىيات سەھنىسىگە قانداق كىرىپ كەلگەنلىكىدىن باشلاندى.

— مەن باللار چۆچەكلىرىنى، بولۇپمۇ گېرىم ② نىڭ باللار چۆچەكلىرىنى ئوقۇشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. باللار چۆچەكلىرىدىكى مەنزىرە ئىلىم - پەندىكى پاكىتلار بىلەن ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇ ماڭا بىلىم ئىزدەش يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئىلمىي يەكۈن ئاساسىدا يېزىلغان ھېكايىلەرنى ياقتۇرۇپ قېلىشقا باشلىدىم بىر مەزگىلگىچە جياڭخۇ چۈەنلۇەنبۇ③ نىڭ ھېكايىلىرىگە مەستانە بولۇپ يۈردۈم. شۇ چاغدا مېنىڭ ئەڭ چوڭ قىزىقىشىم - مەكتەپتىن قايتقاندىن، كې-

انتاستىك ھېكايىلەرنى ئاچكۆزلۈك
وقۇشقا كىرىشتىم، ئارقىدىن ھېكايە
تى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدىم.
1 ـ يىلى فانتاستىك ھېكايە ژۇرنىلى
ت تۇزاڭلىرى» نىڭ 2 ـ ئايدىكى
شىڭشىنىيىنىڭ تۇنجى ئەسىرى «جىن
نا» بېسىلدى، ئارقىدىن بۇ ئەسەرنى
پتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ژۇرنىلى
» كۆچۈرۈپ باستى. ئىككىنچى يىلى
ت تۇزاڭلىرى» مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى
قېتىم باھالاپ تاللىدى، تاللانغان
ە ئەسەر ئىچىدە شىڭشىنىيىنىڭ ئە-
ت پارچىنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ 1961 ـ
شىر قىلدۇرغان 30 پارچە مىكرو ھې-
تەركىب تاپقان توپلىمى «سۈنئىي
جىژەز مۇكاپاتى نامزاتلىقىغا كىرگۈزۈ-
پ، شىڭشىنىيىنىڭ ياپونىيە
بىيات ـ سەنئىتىدىكى
تىكلىدى، مىكرو ھېكايە ئىجادىيىتى
ياپونىيىدە پىششىپ يېتىلگەنلىكىنى نا-
قىلدى.

لىك بولۇپ، ئۇمۇ مۇنەۋۋەر مىكرو ھېكايىلەر توپلىمى. ئەمما مىكرو ھېكايە دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئەڭ دەسلەپ ئامېرىكىدا رەسمىي ئوتتۇرىغا چىققان، كۆپىنچە كىشىلەر ئامېرىكا يازغۇچىسى ئو. ھېنرىنى (1862 — 1910) مىكرو ھېكايىنىڭ ئاساسچىسى دەپ ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇنىڭ ۋەقەلىكى تەسىرلىك، ئۇسلۇبى يۇمۇرلۇق 300 پارچىگە يېقىن ئەسىرى بار. بۇنىڭ ئارىسىدا «ماگىچىنىڭ سوغىتى» كىشىگە لەززەت بېغىشلايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مىكرو ھېكايە ئۆزىدە دەۋرنى يېڭى، ۋەقەلىكى پۇختا، يېشىمى قىزىق بولۇشتەك ئۈچ مۇھىم ئامىلنى ھازىرلىشى شەرت. يەنى ئادەتتىكى ھېكايىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى 1500 خەتكە ئىخچاملىۋېتىش كېرەك.

بەزى ئوبزورچىلار مېنىڭ ھېكايىلىرىمنى ئامېرىكىنىڭ مىكرو ھېكايىلىرى بىلەن بىر تاياقتا ھەيداۋاتىدۇ، مۇنداق قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس. مەن ئامېرىكا مىكرو ھېكايىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدۇم، ئەمما ئۇنىڭغا تولۇق

شىنىڭ، شىنىي بىرىنچىدىن، هۆجرىدىكى
نقى - مۇھەببەت ئىشلىرى ۋە ۋەھشىيانە
ساللىقنى يازماسلىق؛ ئىككىنچىدىن، زېرە-
للىك هازىر جاۋابلىق كۆرۈنۈشلەرنى ياز-
لىق؛ ئۈچىنچىدىن، زەربىدارلىق بىلەن
ش تەرەپدارلىرىنىڭ ئۇسۇلىدا يازماسلىق-
ئىبارەت «ئۈچ يازماسلىق» نى بەلگىلىگە
ان. ئالدىنقى ئىككى نۇقتا «ئەپلەپ -
لەپ قولدىن چىقىرىش، تېتىقسىز نەرسى-
نى يېزىش يامراپ كەتكەن» ياپونىيە
ەبىيات سەھنىسىدە ئاددىي ئىش ئەمەس.
ك شىنىي مۇنداق دېدى: جىنسىي مۇھەبب-

شۇن
ئىج
كېر
كىر
ئـ
تۇرغ
تېخ
يازغ
(ياپ
سىخ
مەيد
ە

دەسلەپكى نۇسخىسىنى بىر كۈن تاشلاپ قو-
يۇپ ئاندىن كۆچۈرىمەن، كۆچۈرگەندە ئىخ-
چاملايمەن، ئەسلى ئەسەرنى ئىمكانقەدەر
چۈشىنىشلىك قىلىپ ئۆزگەرتىمەن؛ قاتتىق
باش قاتۇرۇش نەتىجىسىدە مۇجمەل بولۇپ
قالغان جايلارنى چىقىرىپ تاشلايمەن، ئەگەر
شەرت - شارائىت بولسا بىر ئىككى كۈن
تاشلاپ قويۇپ بىر ئىككى كۈن ئۆزگەرتكەن،
ئاندىن يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ چىققان
تازا ياخشى، مەن ھېكايە يېزىشقا كىرىشكەن-
دىن بۇيانقى 25 يىل مابەينىدە ئېيىغا ئوت-
تۇرا ھېساب بىلەن 50 ئورىگىناللا يېزىپ
كېلىۋاتىمەن ...

25 يىل جەريانىدا ئېيىغا ئوتتۇرا ھېساب
بىلەن 50 ئورىگىناللىق مىكرو ھېكايە يېزىپ
چىقىش غايەت زور خىزمەت مىقدارى دەڭلار!
بۇ سان ئىجتىھات بىلەن يازغانلىقىنىڭ مېۋى-
سى، شۇنداقلا ئاپتورنىڭ بىلىمگە تويۇشقانلىق-
نىڭ نامايەندىسى، شىڭ شىنيى ئەسەرلىرى-
نىڭ ئالقىشقا ئېرىشىشى ئۇنىڭ تەبىئىي پەن
ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مول بىلىمى
بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇ داشۆدىكى
چېغىدا دېھقانچىلىق تېخنىكىسىغا دائىر خىمى-
يىنى ئوقۇغان؛ ئاتىسى دورا ياساش خىزمى-
تى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ بىلىم دائىرىسىنى
كېڭەيتىش ئۈچۈن بىر نەچچە مىڭ پارچە
توپلامنى ئوقۇپ چىققان، نۇرغۇن ئىجادىيەن
دېتاللىرى ۋە ماتېرىياللىرىنى توپلىغان، جا-
پالىق ئەمگەك سىڭدۈرگەن، ھازىرغا قەدەر
960 پارچە ھېكايە ئېلان قىلىپ، 50 پارچىدىن
ئارتۇق كىتابچە چىقارغان.

— مەن ھېكايەمنى 1000 پارچىگە يەتكۈز-
مىگىچە توختىمايمەن، - دېدى شىڭ شىنيى
ئاپئاق چاچلىرىنى سىلىغان، كۆزلىرى شاد-
لىقتىن چاقنىغان ھالدا. - ئادەمنىڭ كۆرەش
نىشانىسى بولمىسا يۈكسىلىش بولمايدۇ. ياز-
غۇچىلارمۇ شۇنداق. شۇڭا مەن ئۆزەمگە ھا-
ياتىمدا 1000 پارچە مىكرو ھېكايە يېزىپ
چىقىرىش ۋەزىپىسىنى بەلگىلىدىم. يەنە قى-
رىق پارچىگە قەرزدارمەن. 1000 پارچىنى
يېزىپ بولۇپ سەل ئارام ئالغاندىن كېيىن
چوڭراق رومان يېزىپ باقاي دەيمەن.

شىڭ شىنيىنىڭ رەپىقىسى مېھمانخانىغا
ئاستا كىرىپ كەلدى - دە، بىزگە يەنە
بىر قېتىم چاي قۇيدى، مەن شۇ چاغدىلا
ئۈچ سائەتكە يېقىن پاراڭلاشقانلىقىمىزنى
بايقىدىم. ئۇنى داۋاملىق ئاۋارە قىلىش
ھەقىقەتەنمۇ بىئەپ ئىدى، شۇڭا شىڭ شىنيى-
نى جۇڭگوغا بولغان تەسىراتى ھەققىدە سۆز-
لەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدىم.

— مەن ئۆتكەن يىلى جۇڭگونى زىيارەت
قىلىپ بېيجىڭ، خاربىن، چاڭچۈن، دالىيەن-
لەرگە بارغان. سەددىچىن سېپىلىگە چىققى-
نىمدا يۈرەكلىرىم ئويناپ كەتتى، بۇ قۇرۇلۇش-
نىڭ قۇرغۇچىلىرىغا ئىختىيارسىز تۈردە ئاپې-
رىن ئوقۇدۇم. دالىيەننىڭ گۈزەل مەنزىرىلى-
رىمۇ مېنى مەپتۇن قىلدى، ئۇ ھازىرقىدەكلا
يادىمدا تۇرىدۇ. ئەمما ماڭا ئەڭ چوڭقۇر
تەسىر قىلغىنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۈمىدۋارلىق
يېغىپ تۇرغان نۇرلۇق چىرايى ۋە جۇشقۇن
قىياپىتى؛ ھەممىلا جايدا ئۇچراتقىلى بولىدى-
غان مەمۇرچىلىق، خاتىرجەملىك مەنزىرىسى.

مەن ئەسەرلىرىمنىڭ باھار شامىلى
ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتىدا نەشر
قىلىنالىغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشالمەن. ئوچۇ-
قىنى ئېيتسام، مېنىڭ جۇڭگوغا بولغان چۈ-
شەنچەم تېخى كەمچىل؛ جۇڭگو كىتابخانلىرى-
نىڭ دىتىغا نېمە ياقىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەي-


(ئاخىرى 110 - بەتتە)

www.uyghurkitap.com

# گۈل بويىدا

سۆزى: م. ز. يارقىنىنىڭ
مۇزىكىسى: ئابلىز رەھمىنىڭ

F = 1 4/4



ياشلىق سىنى ئا

| 4 5̲2̲ — 2 | 2 3 4 5̲3̲ | —

زەم ئۆ بەتتە مۇھەب
شلىق سېر كېچە گۈزەل

| — — — 6 | 7 1 2̲ 7 5̲ | —

، ندە زۈڭ كۆ شەھلا
، سۆيگەن ئارزۇلاپ



ى تېكستى

ئوچ گۈزەل ئاي يادىمدا ،
سەن گۈزەل ئاي ئالدىمدا .
ئانان ئاينىڭ ھۆسنى يۈزۈڭدە ،
چ سېنىڭ شەھلا كۆزۈڭدە .
، سەن تۇرسەن ئىنتىزار ،
، مەن تۇرىمەن بىقارار .



# ھۆسنخەت ئەسەرلىرى

نىياز كېرىم يازغان

ناۋائى ئېيتمىشلەركى:

ھەركىشىگە ياخشىلىق


قىلساڭ يوشۇرغىن،

ھەركىشىدىن ياخشىلىق

كۆرسەڭ پاش قىلغىن.



مۇقاۋىنى دولقۇن غازى لايىھىلىگەن




# 天尔塔格

文学季刊（维文）

# تەڭرىتاغ

پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال

| | |
|---|---|
| 编辑出版：《天尔塔格》编辑部 | «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشىر قىلدى |
| 封面印刷：乌市北京路彩印厂 | مۇقاۋىنى ئۈرۈمچى رەڭلىك باسما زاۋۇتى باستى |
| 内文印刷：乌鲁木齐晚报社印刷厂 | «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى |
| 发　　行：乌鲁木齐邮局 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ |
| 文化厅登记号第412号 | مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ تىزىملاش نومۇرى 412 |
| 代　　号：58—83　定价：0.50元 | ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى 83 — 58 باھاسى: 0.50 يۈەن |